ئومۇمىي 78-سان

2026 مارت-ئاپرېل



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

2026 مارت-ئاپرېل
ئومۇمىي 78 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

## 78 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش | توم كاتىن | 1 |
| خىتاي خىتاي تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايدىغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» قانۇنىنى ماقۇللىدى | BBC | 10 |
| ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى مۇنقەرىز بولۇش خەۋپىدىن قوغداپ قالغان مىللىي قەھرىمان قۇربان بۇرھانىدىنوف | ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز | 15 |
| نامراتلىق پىسخىكىسى | ئاندرېۋ گىگانتى | 27 |
| سەنئەتنىڭ جەمئىيەتتىكى كۈچى | دىبورا بار | 34 |
| ئامېرىكا ـ ئىران ئۇرۇشىدىكى ئەڭ چوڭ پايدىنى كىم ئالىدۇ؟ | مەمەت ئېمىن | 39 |
| ما شىڭرۇي پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەكتە | رويتېرس ئاگېنتلىقى | 43 |
| ئامېرىكا دورا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى كلىنىكىلىق سىناقلىرى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش باشلاندى | لى يىخۇا | 47 |
| خىتاي تىرامپ ـ شى باشلىقلار ئۇچرىششى ھارپىسىدا ئىقتىسادىي بېسىم ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ | ئىقتىساد ۋاقىت گېزىتى | 52 |
| بۇ كۆچمەن مىلياردېر «قىيامەت كۈنى» يادرو ئايروپىلانلىرىنى ياساش ھوقۇقىنى قانداق قولغا كەلتۈردى؟ | مونىكا خانتېر، ۋىلليام بالدۋىن | 57 |
| سۈنئىي ئىدراكنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە مائارىپنىڭ كەلگۈسى | | 64 |
| يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ باققاندا مېڭىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن؟ | كرىستېن نۇنېر | 75 |
| دۇنيانىڭ دىققىتى ۋە ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى زۇلۇم | يالقۇن ئۇلۇغيول | 82 |
| ئىنسانىنى كۆرەڭلەتكەن نەرسە زادى نېمە؟ | مەمەتئىمىن دوختۇر | 87 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | ئۆتكۈر ئالماس | 91 |

سىياسەت

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش

Seven Things You Can't Say About China

توم كاتىن

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى سېناتورى



Cotton

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش


توم كاتىن

(بېشى ئالدىنقىساندا)


## تىبەت: ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق

فالۇنگۇڭ ھەرىكىتى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، تىبەت (مەسىلىسى) بار ئىدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1949 ـ يىلى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەن ھامان، تىبەتنى بويسۇندۇرۇشنى نىشانلىدى. ماۋ تىبەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ ھەرىكەت بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

تىبەت دۇنيادىكى ئەڭ يۇكسەك ئېگىزلىك رايونىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. (تىبەت تۆپرىقى) ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە بولۇپ، خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يىراق ھىمالايا تاغلىرىغا تۇتىشىدىغان رايونغا جايلاشقان. بۇ رايوننىڭ كۆلىمى ئامېرىكىدىكى كالىفورنىيە ۋە تېكساستىن ئىبارەت ئىككى شىتاتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدىنمۇ چوڭ بولسىمۇ، ئەمما نوپۇسى ئارانلا سان دىياگو شەھەر رايونىنىڭ نوپۇسىدىن ئازراقلا كۆپ. يەر شەكلىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇشى ۋە نوپۇسنىڭ ئازلىقى سەۋەبلىك، تىبەت ئۆزگىچە خاس تىل، دىن ۋە مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى خىتايدىنمۇ زور دەرىجىدە ئۆز ئالدىغا ئىش بېجىرىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

خىتايدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۇلالە يىقىلغاندىن كېيىن، 1912 ـ يىلى تىبەت بۇددىزمىنىڭ روھانىي رەھبىرى بولغان دالاي لامانىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان خىتاي دۆلىتىدىن ئەمەلىي جەھەتتە مۇستەقىل بولغان ئىدى.

لېكىن، ماۋ تىبەتنى بويسۇندۇردى. ماۋ قەدىمكى ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى خىتاي قاچانكى بىر زېمىننى باشقۇرغان بولسا، ئاردىن قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ زېمىن ئۈستىدە كوممۇنىستىك خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بار، دەپ قارىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماۋ تىبەتنى

جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قارشى بىر ئىستراتېگىيەلىك توسۇق رايونى، شۇنداقلا خىتاينىڭ سۇ مەنبەسى ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى، دەپ بىلدى.

ماۋنىڭ ھىمايىچىسى جوسېف ستالىن ئۇنى تېز ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندىگەندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ ئاران بىر يىل ئۆتۈپلا تىبەتكە بېسىپ كىردى. دالاي لاما ھۆكۈمىتى ماۋزېدۇڭ بىلەن قوشۇۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىم بويىچە، خىتاينىڭ تىبەت ئۈستىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىي ئەركىنلىككە، سىياسىي، مەدەنىي ئاپتونومىيەگە كاپالەت بېرىش ۋەدىسىمۇ قىلىندى.

ئەمما ماۋ ئۆز ئادىتىگە بىنائەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. كوممۇنىستلار تىبەت ئۈستىدىكى كونتروللۇقىنى بارا-بارا كۈچەيتتى. 1954-يىلى، ماۋ تىبەت بۇددىستلىرىغا بولغان ھەقىقىي كۆز قارشىنى ئاشكارىلاپ، دالاي لاماغا: «دىن زەھەردۇر» دېدى.

1959-يىلغا كەلگەندە، كوممۇنىستلارنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقتىن ئەنسىرىگەن بىر قىسىم تىبەتلىكلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دالاي لامامۇ قوشۇۋېلىش كېلىشىمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، كوممۇنىست قوشۇنلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تىبەتلىكلەرنى مەغلۇپ قىلدى. دالاي لاما بولسا ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى ۋە كۆنمىزگىچە شۇ يەردە تۇرۇپ كەلمەكتە.

شۇنىڭدىن بۇيان كوممۇنىست پارتىيە تىبەتلىكلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك، باسقۇچلۇق يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. كوممۇنىستلار نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى ۋەيران قىلدى، تىبەت راھىبلىرىنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى، شۇنداقلا ھەر بەش نەپەر تىبەتلىكنىڭ بىرىنى دېگۈدەك تۈرمىگە تاشلىدى.

چەت ئەلدە قۇرۇلغان تىبەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۆلچەرىچە، 1979-يىلغا قەدەر كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بىر مىليون 200 مىڭ تىبەتلىكنى ئۆلتۈرگەن. نوپۇسى بۇنچە ئاز بىر خەلق ئۈچۈن، بۇ — ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق سان ھېسابلىنىدۇ.

ھايات قالغانلار بولسا (خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن) كاللا يۇيۇش، قايتا ئىدىيەۋى تەربىيەلەش، پاراكەندىچىلىك سېلىش، خالىغانچە قولغا ئېلىش ۋە قىيناققا سېلىش قاتارلىق زۇلۇملارغا ئۇچراپ كەلمەكتە.

كوممۇنىستلار ئىنجىلغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىبەت بۇددىزمىنىڭ ئەنئەنىلىرىنىمۇ بۇرمىلاشقا ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماقتا. مەسىلەن، 1995-يىلى دالاي لاما ئالتە ياشلىق بىر

ئۇغۇل بالىنى تىبەت بۇددىزمىدىكى ئىككىنچى ئەڭ ئۇلۇغ دىنىي رەھبەر پەنچېن لامانىڭ قايتا تۇغۇلغان روھى دەپ جاكارلىدى.

بىراق، ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا، كوممۇنىستلار بۇ بالىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى غايىب قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۆزلىرى تاللىغان بىر كىشىنى پەنچېن لاما دەپ بېكىتتى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇ بالا ھېچقاچان قايتا كۆرۈلمىدى.

بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرى شۇكى، پارتىيە دالاي لاما ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىشنى پىلانلىماقتا. كوممۇنىست ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ھەتتا مەسخىرىلىك ھالدا مۇنداق دېگەن:

«تىرىك بۇددالارنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى، جۈملىدىن دالاي لامانىڭ قايتا تۇغۇلۇشىمۇ، خىتاي قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.»

خىتاي يەنە تىبەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاراكتېرلىك سىياسىتىنىمۇ يولغا قويماقتا. پارتىيە تىبەت خەلقىنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، يەرلىك مەدەنىيەتنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە تىبەتلىكلەرنى ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىۋېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مىڭلىغان خىتاينى تىبەتكە كۆچۈرۈپ كەلمەكتە.

مەسىلەن، پارتىيە كەم دېگەندە 15% تىبەتلىكنى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش پروگراممىلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئاندىن «ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر» نامى بىلەن ئۇلارنى خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يۆتكىگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە تىبەت بالىلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئائىلىلىرىدىن ئايرىپ، ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. بۇنىڭ مەقسىتى ياش ئەۋلاد ئارىسىدا تىبەت تىلى ۋە تىبەت مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ئىدى.

كوممۇنىست باستۇرۇشىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ كەسكىن نارازىلىق شەكلى سۈپىتىدە، ئۆتكەن ئون بەش يىل ئىچىدە 150 دىن ئارتۇق تىبەتلىك ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

پارتىيەنىڭ بۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسى بولسا، چېن چۈەنگو ناملىق داڭلىق قاتتىق قول پارتىيە ئەمەلدارىنى تىبەتكە ئەۋەتىش بولدى.

ئۇ تىبەتتە «قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تور» بەرپا قىلىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئون مىڭلىغان پارتىيە ئەزالىرىنى رايونغا يۆتكەپ، يۈزلىگەن ساقچى پونكىتلىرىنى قۇردى. نەچچە مىڭلىغان تىبەتلىكنى «قايتا تەربىيەلەش» دەرسلىرىگە قاتنىششقا مەجبۇرلىدى.

چېن بەرپا قىلغان بۇ «تور» شەكىلدىكى ساقچى پونكىتلىرى ساقچىلارنىڭ ۋەقەگە يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسى بىلەن قوراللانغان ساقچىلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئۆزىگە ئوت قويۇش ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

بۇ ۋەقەلەر كومپارتىيەنى ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساقچىلىرى ئۆزىنى كۆيدۈرۈشتىن ھايات قالغانلارنى سوراق قىلىپ، تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلار بىلەن قىينىدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جون كېنىدى بېرلىن تېمى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەركىنلىك نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، دېموكراتىيەمۇ مۇكەممەل ئەمەس. لېكىن بىز خەلقىمىزنىڭ (ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدىن) چىقىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھېچقاچان تام سېلىشقا مەجبۇر بولۇپ باقمىدۇق.»

ئوخشاشلا، بىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە ئوت قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ ھېچقاچان ساقچى پونكىتلىرىنى قۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ باقمىدۇق.

## ئۇيغۇرلار: ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تېزلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەتمىش يىلدىن بۇيان تىبەتتە يۈرگۈزگەن سىياسىتى — يېقىنقى ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا تېزلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە يولغا قويۇلدى. شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزى «دىكتاتۇرىنىڭ قوراللىرى» دەپ ئاتىغان بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى.

شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، زېمىنى ناھايىتى كەڭ، يىراق رايوندۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆلىمى ئامېرىكىدىكى ئالاسكا ئىشتاتىنىڭكىگە يېقىن بولۇپ، پۈتكۈل

خىتاي زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بىراق بۇ جايدا ئاران 25 مىليون ئەتراپىدا نوپۇس ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىليوندىن[1] ئارتۇق ئۇيغۇر بار.

ئۇيغۇرلار تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۆزگە خاس مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە تىلى بار. تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئالاھىدە كىملىكىمۇ ئۇزۇندىن بۇيان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ گۇمانىنى ۋە ئەندىشىسىنى قوزغاپ كەلدى. تىبەتكە ئوخشاشلا، شەرقىي تۈركىستانمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داۋالغۇشلارغا قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم بولغان زىل رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندا تەبىئىي بايلىقلارغا ئىنتايىن باي.

ماۋ زېدوڭ باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلار باشتىن باشلاپلا بۇ رايوننىڭ مىللىي تەركىبىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان. كومپارتىيە مىليونلىغان خىتايلارنى بۇ رايونغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى – بۇنى ھەتتا ستالىنمۇ ماۋغا تەۋسىيە قىلغانىدى – ۋە ئۇيغۇرلارنى ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرالىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىككى مىللەت ئارىسىدا ساقلانغۇسىز جىددىيلىك پەيدا بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتە نارازىلىق نامايىشلىرى يۈز بېرىپ، بەزى ۋاقىتلاردا توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. ئارقىدىن ساقچى تەرەپنىڭ قاتتىق باستۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ زوراۋانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى كۆرۈلدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرى راستتىنلا يۈز بەردى، يەنە بەزىلىرىنى بولسا كوممۇنىست ھاكىمىيەت ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقاردى.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياستىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

شى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇ يەرلىك دائىرىلەرگە «ھەرگىز رەھىم قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، شى جىنپىڭ شىنجاڭغا تىبەتتە قوللىنىپ پىشقان قاتتىق باستۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئېلىپ كەلگەن چېن چۈەنگونى يۆتكىدى. چېن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق يوقىتىشنى باشلىدى. بۇ ئەھۋال نۇرى تۈركەلنىڭ كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان «قېچىش يولى يوق: خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ھەقىقىي ھېكايىسى» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

چېننىڭ ئۆزىنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ شەرقىي تۈركىستانغىچە «سۆڭەكلىرىگىچە كۆكۈم تالقان قىلىۋېتىش» ئۈچۈن كەلگەن. گەرچە كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق مەخپىيەتلىكى بىلەن

[1] بۇ ئاپتور بايان قىلغان سان بولۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

يوشۇرۇلغان بولسمۇ، سىرتقا ئاشكارىلانغان گۇۋاھلىقلارغا قارىغاندا، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ھايات يەر يۈزىدىكى دوزاختىن پەرقسىز.

كۆپ قىسىم مەنبەلەرنىڭ مۆلچەرىچە، كومپارتىيە بۇ لاگېرلارغا كەم دېگەندە ئىككى مىليون ئادەمنى قامىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلاردۇر. بەزى كىشىلەر بولسا بۇ سانىنىڭ ئۈچ مىليونغا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققانلارنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ لاگېرلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى يوقىتىش ئىكەن.

گۇندىپايلار بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ-سوقىدۇ، قىين - قىستاققا ئالىدۇ، ئاچ قويىدۇ، توپ بولۇپ باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. بويسۇنمىغانلارنى بولسا ئۆلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، كومپارتىيە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇزۇكى سالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويىدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 2017-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، كوممۇنىست ھاكىمىيىتى شىنجاڭدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى يېرىمىدىن كۆپرەك تۆۋەنلەتتى.

كومپارتىيە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىمۇ ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئىجراچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەك مەسچىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى دىنىي بۇيۇملارنى مۇسادىرە قىلدى، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرىنىمۇ تۇپا تۈرتۈش ماشىنىسى بىلەن تۈزلىۋەتتى.

كومپارتىيە ئۇيغۇرلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قاماش بىلەن بىرگە، يەنە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى ختاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلارغا مەجبۇرىي ئەمگەككە ئەۋەتتى.

ختاي سىرتىدا بولسا، كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ خادىملىرى چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تەھدىت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشقا بېسىم قىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىغا تايانغان مۇتلەق كونتروللۇق ساقچى تۈزۈمىنى سىناق قىلىدىغان مەيدانى بولۇپ قالدى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ختاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتى تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق سەھىپىلەردىن بىرىدۇر.

چىن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن دەسلەپكى ئىككى يىل ئىچىدىلا پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننى 7700 دىن ئارتۇق ساقچى پونكىتى، يۈز تونۇش يۇمشاق دېتالى سەپلەنگەن مىليونلىغان كۆزىتىش كامېراسى ۋە ساناقسىز تەكشۈرۈش پونكىتىغا تولدۇردى. چېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن دائىرىلەر يەنە ئۇيغۇرلاردىن قان ئەۋرىشكىسى، چاچ ئەۋرىشكىسى، بارماق ئىزى، ئاۋاز ئەۋرىشكىسى ۋە يۈز سكانىرلاش سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلىدى.

ئۇلار بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى سۈنئىي ئەقىل سىستېمىلىرىغا كىرگۈزۈپ، شۇ سىستېما لاگېرغا يىغىۋېلىنىدىغان گۇمانلىق ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىسمىنى ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرۈپ چىقالايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

پارتىيە ھېچقانداق ئىشتا تاسادىپىيلىققا يولۇقماسلىق ئۈچۈن، زامانىۋى تېخنىكىدىن باشقا، ئەنئەنىۋى جاسۇسلۇق ئۇسۇللىرىنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا سالىدۇ. مەسىلەن، «تۇغقاندارچىلىق ئورنىتىش» ناملىق پائالىيەت شۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەخسىي ھاياتقا ھەممىدىن بەك دەخلى قىلىدىغان تەدبىرلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ پىلان ئارقىلىق، بىر مىليوندىن ئارتۇق خىتاي خادىمى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بۇ ئۆيدە تۇرغۇزۇلغان خادىملارنى يېمەك-ئىچمەك، ياتاق ۋە باشقا تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ئۇزاق مۇددەت ئۆيدە تۇرۇپ كۆزىتىدىغان خادىملار ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىنى نازارەت قىلىدۇ، ئۆيلىرىنى «جىنايەتكە ئالاقىدار دەلىل-ئىسپات» ئىزدەپ ئاختۇرىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىن مەلۇمات بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ. كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر ئىش شۇكى، بۇ ئۆيلەردە بىللە تۇرىدىغان جاسۇسلار كۆپ ھاللاردا يەنە شۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ياشايدىغان جىنسىي تاجاۋۇزچىلارغىمۇ ئايلىنىدۇ.

پارتىيە يەنە ئۇيغۇرلارنى بۇ خىل خورلاش-زۇلۇملار ئالدىدا ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللاندى. خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ قورال ئېلىپ يۈرۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۆيىدە پەقەت ئىككى دانە پىچاق ساقلىيالايدۇ. بىرى كۆكتات توغرايدىغان كىچىك پىچاق. يەنە بىرى گۆش پارچىلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىدىغان قىڭراق تىپىدىكى پىچاق. بۇ ئىككى پىچاقنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئىز قوغلاش ئۈچۈن QR كودى تامغىلانغان بولۇپ، چوڭ پىچاقنىڭ ئاشخانا ئۈستىلىگە زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلۇشى شەرت.

«قېچىپ قۇتۇلۇش يوق» (No Escape) ناملىق كىتابىدا نۇرى تۈركەل كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر توپ ئۇيغۇرنى خىتاي بايرىقى ئالدىغا توپلىغانلىقى ھەققىدىكى بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ياڭراتقۇدىن «خۇدا بارمۇ؟» قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز كېلىدۇ. ۋەھىمىگە چۈشكەن ئۇيغۇرلار: «يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن: «ئۇنداقتا يېڭى خۇدايىڭلار كىم؟» دەپ سورايدۇ. ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ھالدا: «شى جىنپىڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نۇرى تۈركەلنىڭ قارىشىچە، مانا مۇشۇ ھال ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ ۋەيران قىلغۇچى مەقسىتىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى




# خىتاي ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خىتاي تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايدىغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» قانۇنىنى ماقۇللىدى

# خىتاي ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خىتاي تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايدىغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» قانۇنىنى ماقۇللىدى

**BBC**

خىتاي ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نى ئىلگىرى سۈرۈشنى دەۋا قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك يېڭى بىر قانۇننى ماقۇللىدى. ئەمما تەنقىدچىلەر بۇ قانۇننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىگە تېخىمۇ ئېغىر زىيان سالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتمەكتە.

گەرچە قەغەز يۈزىدە مەزكۇر قانۇننىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان 56 مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نىشان قىلغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، تەنقىدچىلەر بۇ قانۇننىڭ مىللەتلەرنى ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

بۇ قانۇن بويىچە، بارلىق بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىشتىن بۇرۇنلا خىتاي تىلى ئۆگىنىشنى باشلىشى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە بولغان پۈتكۈل مائارىپ باسقۇچىدا خىتاي تىلىدا تەربىيەلىنىشى مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلگەن. ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر[1]، تىبەت ياكى موڭغۇل تىلى قاتارلىق ئۆز ئانا تىللىرىدا ئۆگىنەلەيتتى.

مەزكۇر قانۇن پەيشەنبە كۈنى، يىللىق مەركىزىي كومىتېت يىغىنى ئاخىرلىشىش ئالدىدا ماقۇللانغان.

كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئانتروپولوگىيە دوتسېنتى ماگنۇس فىسكېسجو (Magnus Fiskesjö) ئۇنىۋېرسىتېت دوكلاتىدا مۇنداق دېدى: «بۇ قانۇن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى سىياسەتلەردە كۆرۈلگەن زور بۇرۇلۇش بىلەن بىردەك بولۇپ، 1949-يىلدىن بۇيان رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن مىللىي كۆپ خىللىقنى يوقىتىشنى نىشان قىلىدۇ. كېيىنكى ئەۋلاد بالىلار رەھىمسىزلەرچە ئۆز تىل-مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلانماقتا.»

[1] مەزكۇر ماقالىدىكى بۇ بايان توغرا ئەمەس. - تەرجىماندىن

ئەمما بېيجىڭ تەرەپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا خىتاي تىلى ئۆگىتىشنىڭ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمەت پۇرسەتلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلماقتا. خىتاي يەنە مەزكۇر «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى»نىڭ «تېخىمۇ زور بىرلىك ئارقىلىق زامانىۋىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»تە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

مەزكۇر قانۇن پەيشەنبە كۈنى بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بېلەت تاشلىنىپ ماقۇللانغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلتاي ھازىرغىچە ئۆز كۈن تەرتىپىدىكى ھېچقانداق تۈرنى رەت قىلىپ باقمىغان.

مەزكۇر قانۇن يەنە بالىلارغا «مىللەتلەر ئىناقلىقى»غا تەسىر يەتكۈزىدىغان «زىيانلىق» قاراشلارنى سىڭدۈرگەن ئاتا-ئانىلار ياكى ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىنى جاۋابكارلىققا تارتىشقا قانۇنىي ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قانۇندا «مىللەتلەر ئۆزئارا سىڭىشكەن مەھەللە مۇھىتى» بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بەزى ئانالىزچىلار بۇ تەدبىرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2000-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «خىتايلاشتۇرۇش» ۋە مىللەتلەرنى ئاساسلىق ئورۇندىكى خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق، تېخىمۇ بىر تۇتاش دۆلەت كىملىكى يارىتىشنى كۈچەپ يولغا قويۇشقا باشلىغان ئىدى. خىتايلار خىتاي نوپۇسىنىڭ 1.4 مىليارد نوپۇسنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بېيجىڭ دائىرىلىرى ئۇزۇندىن بېرى تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى چەكلەش بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلمەكتە.

تەنقىدچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ رايونلاردىكى كىشىلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى دائىم مەجبۇرىي ئورۇندىلىپ كەلگەن. دۆلەت باشلامچىلىقىدىكى بۇ سىياسەت ئۆزگىچە پىكىردىكىلەر ۋە نامايىشلارغا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭنىڭ دەۋرىدە تېخىمۇ تېزلىگەن.

تىبەتتە دائىرىلەر راھىبلارنى تۇتقۇن قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ دالاي لاماغا ئېتىقاد قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىبادەتخانىلارنى كونتروللۇق ئاستىغا ئالدى. ئۆتكەن يىلى ئىيۇلدا، BBC تىبەت قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ يادروسى بولۇپ كەلگەن بىر ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغاندا، راھىبلار قورقۇنچ ۋە تەھدىت ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى بىزگە مۇنداق دېدى: «بىز تىبەتلەر كىشىلىك ھوقۇقلىرىمىزدىن مەھرۇم قالدۇق. خىتاي ھۆكۈمىتى بىزگە داۋاملىق زۇلۇم سالماقتا

ۋە زىيانكەشلىك قىلماقتا. بۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئەمەس.»

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليون ئۇيغۇر مۇسۇلمانىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دەپ ئاتايدىغان ئورۇنلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھۆججەتلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بېيجىڭنى ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن ئەيىبلىدى.

BBC نىڭ 2021- ۋە 2022-يىللىرىدىكى خەۋەرلىرىدە، تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوللايدىغان پاكىتلار، شۇنداقلا جىنسىي دەپسەندىچىلىك ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بېيجىڭ بۇلارنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلمەكتە.

2020-يىلى خىتاينىڭ شىمالدىكى موڭغۇللار موڭغۇل تىلىدىكى ماتېرىيالنى قىسقارتىپ خىتاي تىلىغا ئورۇن بېرىش تەدبىرلىرىگە قارشى، ئاز كۆرۈلىدىغان كۆلەملىك نامايىشلارنى ئېلىپ باردى. بەزى موڭغۇللار بۇ قەدەمنى ئۆز مەدەنىيەت كىملىكىگە تەھدىت دەپ قارىغاچقا، ئاتا-ئانىلار ھەتتا بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي نارازىلىق بىلدۈردى. دائىرىلەر ئۆزى «سىياسىي ئۆزگىچە پىكىر» دەپ قارىغان بۇ ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن تېزلىكتە ھەرىكەتكە ئۆتتى.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى بار»، شۇنداقلا «ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما تەنقىدچىلەر بۇ يېڭى قانۇننىڭ شى جىنپىڭنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي پەنلەر دوتسېنتى ئەلىن كارلسون (Allen Carlson) خىتاينىڭ رەسمىي نامىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قانۇن شى جىنپىڭنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق مىللەت بولغان خىتايلارغا سىڭىشىپ كېتىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى، ھەممىدىن مۇھىمى بېيجىڭغا سادىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.»

سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىيان چۇڭ (Ian Chong) BBC غا بەرگەن باياناتىدا، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە بۇ خىل دەرىجىدە ئورۇن بېرىشنىڭ «نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. ئۇ: «بۇ خىل ئىپادىلەردىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە

مەدەنىيىتىنى قالاق، شۇنداقلا تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل دەپ قاراشنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس» دېدى.

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى: «شى جىنپىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ خىتايلار يادرو قىلىنغان بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك خىتاي مىللىتى يارىتىش ئىدىيەسى بىلەن بىردەكتۇر... ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسا ئەنە شۇ يادرودىن شاخلىنىپ چىققان، شۇ سەۋەبتىن مەلۇم جەھەتلەردە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى دەپ قارالماقتا. بۇ خىل ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە تىللىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان كونتروللۇقنىڭ ئېخىمۇ كۈچىيىشى، ئۇلارنىڭ سۇسلاشتۇرۇلۇشى، ھەتتا يېڭى بىر نۆۋەتلىك زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرنى قوزغىماقتا.»

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.bbc.com/news/articles/cp9meeek051o



# مىللىي قەھرىمان قۇربان بۇرھانىدىنوف

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى مۇنقەرىز بولۇش خەۋپىدىن قوغداپ قالغان مىللىي قەھرىمان قۇربان بۇرھانىدىنوف

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مەشھۇر تارىخچى دوكتۇر ئاندرىۋ فوربېس ئەپەندى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان سىياسىي تارىخى ھەققىدە يېزىلغان تارىخ كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىلىتارىست جىڭ شۇرېن قومۇلدىن باشلىنىپ، تارىم ۋە يارىش ۋادىسىدا زورايغان بەھەيۋەت مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى ۋە ئۆز ئىچىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن ئۇرۇمچىدىن سىبىرىيە ئارقىلىق خىتايغا قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ قانخور جاللات» دەپ ئاتالغان مانجۇرىيەلىك شالغۇت خىتاي باندىت شېڭ شىسەي باش ۋالىي بولغان ئىدى. شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى 12 ـ نويابىر قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى مىللىي جۇمھۇرىيەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە ھەربىي ياردىمى ۋە تۇڭگان باندىتلىرىنىڭ بىۋاستە ھەربىي ياردىمى بىلەن يوقاتقاندىن كېيىن، جاڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق سىياسىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوينىغا ئاتقان ۋە سوۋېتنىڭ كوممۇنىستىك تۈزۈمىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىشقا باشلىغان. ھەتتا جوزېف ستالىن 1934 ـ يىلى مەخسۇس تەنبىھ مەكتۇبى ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى كوممۇنىستلارنىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇش خام خىياللىرىغا رەددىيە بېرىپ، ھەر بىر قەدەمنى پۇختا ۋە ئېھتىيات بىلەن بېسىشقا كۆرسەتمە ئىدى.

قەشقەردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1934 ـ يىلى 13 ـ ئاپرېل يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ، 1937 ـ يىلىغا قەدەر قەشقەر ۋە خوتەندىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ۋىلايەتنى قولىغا ئالالمىغان جاللات شېڭ شىسەي شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا قورقۇنچلۇق ئەۋج ئالغان چوڭ تازىلاش ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئۇيغۇر يۇرتلىرى ۋە

قومۇل ـ تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە خوجايىن ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا رەھىمسىزلەرچە قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيىنى تەرغىب قىلغان بولۇۋېلىپ، ئۇيغۇر بايلىرىنى، يەر ئىگىلىرىنى ۋە ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ تۇرمىلەرگە تاشلىدى ۋە يەرلىك خەلقنى خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش دىنسىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

يۇقىرىقى كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، شېڭ شىسەي مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بايلىرى، دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئاساسەن ھەممىسى دېگىدەك قولغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈمدىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇپ قالغانلارنى ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىغا ۋە ھەربىي ئىستىھكاملارغا يۆتكەپ كېلىپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سالغان. شېڭ شىسەي مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە شۇ دەرىجىدە قاتتىق چەكلىمە قويۇلغانكى، ئۇيغۇرلار ئادەتتە تاۋۇز ـ قوغۇننىڭ ۋە دېھقانچىلىقنىڭ گېپىدىن باشقا سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشكەن. شېڭ شىسەي، " مۇسادىرە " دېگەن نامدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە باج تۈزۈمى ئارقىلىق يەرلىك خەلقنىڭ قېنىنى شوراش بىلەن بىرگە، جاھانگىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق كان بايلىقلىرىدىن خالىغانچە پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالغان غايەت زور پايدىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە تاشلىغان.

1941 ـ يىلى گىتلېر ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر مەھەل ئۈستۈنلۈكنى ساقلىغاندىن كېيىن، چوتنى خاتا سوققان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇپ، " كوممۇنىستلارنى تازىلاش " دېگەن نامدا يەنە شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرگە يەنە كۆپلىگەن قالدۇق ئۇيغۇر مۆتىۋەر زاتلىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ياكى سۈرگۈن قىلغان.

تارىخچى دوكتور ئاندرېۋ فوربېسنىڭ مەزكۇر كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، شېڭ شىسەينىڭ 10 يىللىق ھاكىمىيىتى جەريانىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن، تۇتقۇن قىلىنغان، قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغان، سۈرگۈن قىلىنغان ۋە مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 100 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى پەرەز قىلىنىسمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئېنىقلاپ چىققان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پەقەت تۈرمىچىدىكى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تۈرمىلەردە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىلا 250 مىڭدىن ئاشقان. بۇ سان ھەر قايسى ۋىلايەتلەر تۈرمىلىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت ئاقساقاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ شىڭ شىسەينى يۆتكەپ كېتىش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىگە بىر يىلغا يېقىن ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغاندىن كېيىن، ھاقارەت ھېس قىلغان ستالىن شىڭ شىسەينى قورال كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئالتايدىكى ئوسمان ئىسلامغا ھەر تۈرلۈك ياردەم بەردى. لېكىن، ئوسمان ئىسلام پەقەت پارتىزانلىق ئۇرۇشلاردىكى ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ، دۈشمەننى ئاغدۇرۇپ، يۇرت ئازاد قىلىدىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. 1944 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست كۈنى، موسكۋانىڭ نەزىرى ئىلقا ئۇلاستايدىكى ئالتە باتۇرغا چۈشتى. چۈنكى، شىڭ شىسەيگە بېرىلگەن ئەڭ ئەجەللىك زەربە شۇلاردىن كەلگەنىدى. ھودۇقۇپ كەتكەن شىڭ شىسەي كونا خوجايىنى ستالىننىڭ ئۆزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغىچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، بىر تەرەپتىن دەرھال كونا خوجايىنى ستالىنغا ئۆزىنى كەچۈرۈش ھەققىدە يالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ستالىنغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭنىڭ بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى تۇتقۇن قىلغان. لېكىن، بۇ قېتىم ستالىن ئۇنىڭ خۇشامەتلىرىگە قىلچە پىسەنت قىلماستىن، ئۇنىڭ تۆۋە قىلغان مەكتۇبىنى جاڭ كەيشىگە يوللاپ بەرگەن. جاڭ كەيشى شۇندىلا، ئىككى يۈزلۈك شىڭ شىسەينى ختايغا يۆتكەپ كېتىشنى قارار قىلغان. گومىنداڭچىلار شىڭ شىسەي يۆتكەپ كېتىلسىلا يەرلىك خەلقنىڭ غەزىپى بېسىقىدۇ دەپ چوتنى خاتا سوققان ئىدى.

ئىلقا ئۇلاستايدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياۋاشلىق بىلەن بارلىق مەنسىپىنى گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش ياپونغا قارشى سەككىزىنچى ئۇرۇش رايونى باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 11 ـ سېنتەبىر كۈنى 11 يىلدا توپلىغان ھارام ماللارنى 155 ھەربىي ماشىنىغا قاچىلاپ، ئون تونىنا ئالتۇننىڭ يېرىمىنى جاڭ كەيشىگە پارا بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان جاللات شىڭ شىسەي ئورمانچىلىق مىنىستىرى دېگەن قۇرۇق مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ، چوڭچىڭغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى ئۇچىغا چىققان شوۋىنىست ۋە چوڭ ختايچى ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. ئىلگىرى " گومىنداڭ چىگرا رايون موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتى " نىڭ رەئىسى بولغان ۋۇ جۇڭشىن، ختاي تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئىرق، دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ، بۈيۈك ختاي مىللىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشكە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى، ئاتالمىش ئاز سانلىق مىللەت مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى ختاي ئاققۇن كۆچمەنلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە جىددىي ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى.

ئەينى چاغدا نەنجىڭدە تۇرۇۋاتقان ۋە تارىختا " ئۈچ ئەپەندى " دەپ ئاتالغان مەشھۇر مەسئۇد سابىرى بايقۇزى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىنلەر ۋۇڭ جۇڭشىننىڭ بۇ خاراكتېرىنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن، جاڭ كەيشىگە مۇراجىئەتنامە يېزىپ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى

چىققان، ئەمما جاڭ كەيشى ئۆلارنىڭ ئېتىرازىغا قۇلاق سالمىغان ئىدى. شېڭ شىسەي چوڭچىڭغا يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يەنە مەخپىي ساقچى تەشكىلاتىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ۋۇ جۇڭشىن كېلىشتىن بۇرۇن تۈرمىلەردە يېتىۋاتقان 500 ئەتراپىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇيغۇر سىياسى تۇتقۇننى ئۆلتۈرۈشنى تاپشۇرغان ئىدى. مەخپىي ساقچى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق بىجا كەلتۈردى.

ۋۇ جۇڭشىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچە كۈچلۈك نارازىلىقلىرىغا قارىماستىن، ساقچى باشلىقى لى يىڭچىنى قاتتىق جازالىماي، ئەكسىچە مۇھاپىزەت قىلدى، سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ، 500 ـ 600 سىياسىي مەھبۇسنى قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي سىياسىي جىنايەتچىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر مەھبۇسلار يەنىلا تۈرمىدە قېلىۋەردى. ۋۇ جۇڭشىن، يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاۋاتقان مەخپىي ساقچى ۋە تۈرمە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتتى.

شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئارانلا 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى، ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ئىچكى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن جىددىي ئەسكەر يۆتكەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى 100 مىڭغا يەتكۈزدى ۋە بۇ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن يەرلىك خەلققە قوشۇمچە ئالۋاڭ ـ سېلىقلار يۈكلەندى. ئۇندىن سىرت بارلىق قازاق چارۋىچىلارغا ئەسكەرلەر ئۈچۈن 20 مىڭ ئات بېرىش سېلىقى تاپشۇرۇلغان. مۇستەملىكە مىللەت رايونلىرىغا خىتاي كۆچمىنى يۆتكەش سىياستىنىڭ باشلامچىسى بولغان ۋۇ جۇڭشىن، ئىچكى ئۆلكىلەردە قەھەتچىلىككە ئۇچرىغان رايونلاردىن 10 مىڭ خىتاي كۆچمەننى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى شىمالىي ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى يەرلىك قازاق چارۋىچىلاردىن تارتىۋېلىنغان ئوت ـ چۆپى مول يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمان قىلغان. يەنە كېلىپ ۋۇ جۇڭشىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مالىيە تۈزۈمىنى ۋە پۇلىنى تولۇق بىكار قىلىپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ پاخال پۇلىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ بازارغا سالغان، نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستاندا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئېغىر ئىقتىسادىي بۆھران ۋە قەھەتچىلىك پەيدا بولغان. شۇڭا يەرلىك خەلق ئارىسىدا، " بىر شېڭ شىسەي كەتتى، ئەمما ئورنىغا ئىككى شېڭ شىسەي كەلدى " دېگەن سۆز پەيدا بولغان.

نىلقا ئۇلاستايدىكى ئالتە باتۇرنىڭ تۇنجى ئەجەللىك زەربىسى ئەنە ئاشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ ئالتە باتۇر ئىچىدە ھازىرغىچە كۆپىنچە ئۇيغۇرلارغا ئانچە تونۇش بولمىغان بىر قەھرىمان بار ئىدى. ئۇنداقتا، مەزكۇر مىللىي قەھرىمان ۋە ئۇنىڭ تىللاردا داستان بولغىدەك ئىش ـ ئىزلىرى نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىگە يېتەرلىك ھالدا تونۇتۇلمىدى؟ نىمە ئۈچۈن ھېچقانداق ئۇيغۇر قەلەمكەش ئۇنىڭ ھەققىدە لىللا مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بولسىمۇ يېزىشقا

جۇرئەت قىلالمىدى؟ ئۇ مىللىي قەھرىمان زادى كىم؟

ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇپ بەرگەن ۋە گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىدا پىشقان سەر خىل قوشۇنىنى ئۇيغۇرلار ئەمەس بەلكى ئورۇسلار تارمار قىلغان دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئۆزىنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق بىتچىت قىلغان قەھرىمان دەل نىلقا ئۇلاستايىدا قوراللىق ئىنقىلاب قوزغىغان توققۇز باتۇرنىڭ بىرى قۇربان بۇرھانىدىنوف ئىدى. بۇلاردىن ئالتە نەپىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياخشى تونۇلغان بولغاچقا، خەلق ئۇلارنى ئالتە باتۇر دەپ ئاتىغان. دۈشمەنلەر ئۇلارنى كەمسىتىپ «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتىۋالغان ئىدى. لېكىن، فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشتا نۇسرەت قازاندۇق دەپ ماختانغان دۈشمەنلەر مانا مۇشۇ «ئالتە ئوغرى» تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىۋېتىلگەن ئىدى.

قۇربان بۇرھانىدىنوف 1915 ـ يىلى ئىلى ۋادىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ مىلادىيە 1760 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەن قاراقاشتىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، سادىر پالۋان ۋە غېنى باتۇرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن بىر قاتاردا غۇلجىغا يەرلەشكەن ئىدى. قۇربان باتۇرنىڭ بوۋىسى ھاپىز بۇرھانىدىن دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن مۆتىۋەر ئىدى. مەزكۇر جەمەت ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچىدا سادىر پالۋانلار بىلەن بىر قاتاردا زور تۆھپە كۆرسىتىشكەن ئىدى.

قۇربان بۇرھانىدوف 14 ياشقا كىرگەن يىلى يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر مىللىي ۋە مەنىۋى پېشۋاسى نەزەر خوجا ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن قۇربان بۇرھانىدىنوف ئاقساقاللارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن نەزەر خوجىنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن. بۇ جەرياندا ئۇ خەمىت مۇسلىموف بىلەن جانجىگەر ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بولۇپ قالغان. 1935 ـ يىلى قۇربان بۇرھانىدىنوف ئۇستازى ۋە خەمىت باتۇرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا سوپاخۇن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت كېيىنچە سوپاخۇن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ گومىنداڭچىلارنىڭ بەش چوڭ قورشاۋ قاملىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىگە ئەل بولۇشىدا ۋە ئاقسۇنى ئازاد قىلىشتەك تۆھپىلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. قۇربان بۇرھانىدىن 1939 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالتايدىكى قازاق ـ موڭغۇل چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ياش سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1942 ـ يىلى جاللات شىسەي ستالىندىن يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن، ئىلگىرى يوقىتىشقا باھانە تاپالمىغان كىشىلەرنى يوقىتىشقا باشلىغان. ئىسھاقبەگنى قاچۇرۇۋەتكەن فاتىخ باتۇر بىلەن ئىنىسى خەمىت باتۇر ئىككىسىنى يوشۇرۇن مۇھاپىزەت قىلغان قۇربان بۇرھانىدىنوف 1943 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئىلىدىن ئالمۇتاغا قېچىپ

چىققان ئىدى.

ئەينى چاغدا 44 ياشقا كىرگەن فاتىخ باتۇر ئىلىدىن قېچىپ چىقىۋاتقان ئوت يۈرەك ياشلاردىن بىر زەربىدار ئەترەتنى تەشكىللىگەن ئىدى. لېكىن، ستالىن ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇش ئۈمىدىنى كۆپرەك ئالتايدىكى ئوسمان ئىسلامغا ۋە ئوشتىكى ئىسھاقبەگكە باغلىغان ئىدى. شۇڭلاشقا، فاتىخ باتۇر ئالمۇتادا تەشكىللىگەن ياش جەڭگىۋار ئەترەت توپتوغرا بىر يىل پەقەت ئۆزىنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئىرادىسى ۋە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە تايىنىپ جاپالىق ۋە مۇشەققەتلىك ھەربىي مەشىقلەردە تاۋلىنىپ چىقىشتى.

ستالىن ھۆكۈمىتى 1943 ـ يىلى باھار ئايلىرىدىن باشلاپ موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ قولى بىلەن ياردەم بېرىۋاتقان ئوسمان ئىسلام 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جاللات شېڭ شىسەي خىتايغا قاچقاندىن كېيىن، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشلىرىنى توختاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسھاقبەگ قىرغىزستان ئارقىلىق تاشقورغانغا يۈرۈش قىلغان قوراللىق ئەترەت يول باشلىغۇچى خائىن چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، تاشقورغان قوزغىلىڭى 1945 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىرگىچە تولۇق بىر يىل كېچىكىپ كەتتى. نەتىجىدە، ستالىن ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ئانچە چوڭ ئېتىبار بەرمىگەن ۋە ئۈمىد كۈتمىگەن نىلقا ئۇلاستاي پارتىزانلىرىغا ئۈمىد باغلاشقا باشلىغان. چۈنكى، 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئالمۇتادىكى چارىسىز ئەھۋالدىن زېرىكىپ يۇرتلىرىغا قايتقان 11 ئەزىمەت، شۇ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىلا شېڭ شىسەينىڭ نىلقىدىكى كۈچلىرىنى تارمار قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى يېڭى دۈشمەن گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش تۆمۈر ۋە پولاتتەك كۈچلۈك يېڭىلمەس ئۇرۇش قىسمىنى بىتچىت قىلىپ، ئۈرۈمچىنى ۋە چوڭچىڭنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ئىدى. موسكۋامۇ بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن بىر مەھەل مەڭدەپ قالغان. ئۇلاستاي ئەزىمەتلىرى 1944 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىر كۈنى نىلقا ناھىيەسىنى ئازاد قىلىپ، ھۆر ۋە مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، موسكۋا دەرھال غۇلجىدىكى شۇ يىلى 9 ـ ئاپرېل قۇرۇلغان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتىغا كۆرسەتمە بېرىپ، ئۇلاستاي ئەزىمەتلىرىنى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقا يوليورۇق بەردى.

ئۇلاستاي ئەزىمەتلىرى 1944 ـ يىلى 3 ـ نويابىر دۈشمەننىڭ ھەربىي ئايروپىلانلار ۋە ھەربىي ماشىنىلارنىڭ ھىمايىسىدە ئۇلاستايغا قىلغان ئاخىرقى كۈچلۈك ھۇجۇمىنى تولۇق بىتچىت قىلىپ، قارا سۇ ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى يوقاتقان. ئارقىدىنلا چاقماق تېزلىكىدە غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا ستالىن ھۆكۈمىتى مەزكۇر مىللىي ئىنقىلابچىلارنى تولۇق كونترول قىلىش ئۈچۈن، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروف دېگەن ئورۇس ھەربىينى ئىسكەندەر دېگەن ئۇيغۇرچە ئىسىم بىلەن ئاتاپ، «مەسلىھەتچى ۋە قوماندان» نامى بىلەن 7 ـ نويابىر كۈنى غۇلجىغا يوللاپ بەرگەن.

ئالېكساندىروف ئۆزىنى بارلىق مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ باش قوماندانى دەپ ئاتاپ، غۇلجىنى ئازاد قىلىشتەك مۇھىم ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغان.

1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. ئالېكساندىروف يەنىلا بارلىق قوراللىق ئەترەتلەرنىڭ ۋاقىتلىق باش قوماندانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان. بۇ چاغدا ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ھەرەمباغدىكى قالدۇق دۈشمەنلەر تېخى تولۇق يوقىتىلمىغان ئىدى. جاڭ كەيشى بۇ قالدۇق دۈشمەنلەرنى ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتكىچە بەرداشلىق بېرىشكە ئىلھام بېرىپ، ئۇلار يوقىتىپ تاشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى قامالدىن قۇتقۇزۇپ، ئىلىدا چوڭ قەتلىئام قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنىنى غۇلجىغا ئەۋەتكەن. سوۋېت ك گ ب مەلۇماتلىرىدىن غۇلجىغا 22 كىلومېتىر قالغۇچە قىستاپ كەلگەن گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ خىتايدىكى 11 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە ياپونغا قارشى 7 يىللىق ئۇرۇشلاردا پىشقان جەڭگىۋار قىسىملار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، سوغۇق تەرگە چۆمگەن پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروف سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدىكى ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنى تېز سۈرئەتتە قورغاس بىلەن ئالمۇتاغا چېكىنىش تەۋسىيەسىدىن ئالەمچە خۇشال بولۇپ، خەزىنىدىكى قىممەت باھالىق بايلىقلارنى بىر ھەربىي ماشىنىغا لىق قاچىلاپ ھەممىدىن بۇرۇن قېچىپ كېتىشكە تەييارلانغان. ئۇنى توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغان غېنى باتۇر ھەرەمباغ ئالدىنقى سېپىدىن قايتىپ كېلىپ، توخۇ يۈرەك ئالېكساندىروفنى ئېتىۋەتمەكچى بولغان. ئاڭغىچە، غېنى باتۇرنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئارىسىغا سوغۇقچىلىق پەيدا قىلىشىنى خالىمىغان قەھرىمان قۇربان بۇرھانىددىنوف ھەربىيلەرگە خاس پەم ۋە قەتئىيلىك بىلەن كەسكىن بۇيرۇق بېرىپ، سوۋېتقا قاچماقچى بولغان توخۇ يۈرەك ئالېكساندىروفنى تۇتقۇن قىلىپ، ئوغرىلىغان بىر ماشىنا بايلىقنى دۆلەت خەزىنىسىگە قايتۇرغان. بۇ ۋەقە پۈتۈن ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغىغان. پۈتۈن ۋەتەنپەرۋەرلەر قۇربان بۇرھانىددىنوف بىلەن ھەمكارلىشىپ پېتىر رومانوۋىچ ئىسكەندەرنى قولغا ئالغان ئوسمان ئىبراھىموفنى ئالقىشلىغان.

يۇقىرىقى تولىمۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

جاڭ كەيشىنىڭ جىددىي كۆرسەتمىسى، جۇ شاۋلياڭ بىر قوللۇق تۈزگەن ھەربىي ھۇجۇم پىلانى بويىچە 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سەرخىل گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاچال داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلغان. غۇلجا ۋە يېڭى جۇمھۇرىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنتايىن خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان. بۇ ۋەقە مىللىي ئىنقىلاب تارىخىغا ئائىت ئەسلىمىلەر ۋە بەزى نوپۇزلۇق تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ، 1945 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گومىنداڭ

ئارمىيىسى غۇلجادىكى ھەرەمباغ، ئايرودروم، بۇتخانا قاتارلىق نۇقتىلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىپ، مىللىي ئىنقىلابچىلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ يوقىتىش پىلانى بويىچە گېنېرال شې يىفېڭ، لى يۈشاڭ قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا ھەربىي ھەرىكەت باشلىغان. بىر قىسىم قوشۇن كەڭساي ئېغىزىغا قاراتقان ھۇجۇمنى كۈچەيتكەن، گېنېرال شې يىفېڭ ۋە پولكوۋنىك پەن يۈرېن قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلار كۆكۈرچىن داۋىنى، مازار جىلغىسى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. مىللىي ئىنقىلاب تارىخى شاھىتلىرىدىن توختى ئىبراھىم، ئاسىلخان تۆرە، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى قاتارلىق ئەربابلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، 16 ـ يانۋار كۈنى خىتاي گېنېرالى قوماندانلىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى غۇلجا شەھەر مەركىزىگە 22 كىلومېتىر كېلىدىغان پىلىچى خاڭ دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، مانا بۇ ۋاقىتتا ھەرەمباغ، ئايرودروم قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ياردەمگە كەلگەن مەزكۇر قوشۇن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خەتەرگە يولۇقاتتى ھەم مەزكۇر گومىنداڭ قوشۇنلىرى غۇلجىدا كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ باراتتى. مانا بۇ خىل خەتەرلىك ماماتلىق پەيتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى بەزى ھەربىي ـ سىياسىي ۋەكىللىرى بىر قورغاس تەرەپكە قاچقاندىن تاشقىرى، سوۋېت كونسۇلىمۇ ئەلىخان تۆرىدىن قورغاسقا، ھەتتا ئالمۇتاغا چېكىنىشنى تەلەپ قىلغاندا قەتئىي رەت قىلىشقا ئۇچرىغان.

باتۇر قۇربان بۇرھانىدىنوفنىڭ جوزېف ستالىن ئالاھىدە ئەۋەتكەن ئورۇس باش قوماندان ئىسكەندەرنى تۇتقۇن قىلىشى 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مانجۇرىيەلىك مىلىتارىست جاڭ زولىنىنىڭ ئوغلى جاڭ شۆلياڭنىڭ جاڭ كەيشىنى قولغا ئالغىنى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدىكى زور ۋەقە ئىدى. لېكىن، ئەينى چاغدىكى دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى يۇمشىتىپ خەۋەر قىلغان. باتۇر قۇربان بۇرھانىدىنوفقا «چارە كۆرۈش» پىلىچى غولىدىكى تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى يوقاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا سۈرۈلگەن. 17 ـ يانۋار كۈنى پۈتۈن غۇلجا خەلقى دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە نىلقا باتۇرلىرى تەرىپىدىن ئومۇمىي سەپەرۋەر قىلىنىپ، ھەممە بىردەك ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە ئىككى كېچە ـ كۈندۈزلۈك شىددەتلىك ماماتلىق ئۇرۇشتا پىلىچى خاڭ ئەتراپىغا قىستاپ كەلگەن كۈچلۈك گومىنداڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تولۇق يوقىتىلغان. مەزكۇر قەھرىتان قىشتىكى شىددەتلىك ماماتلىق ئۇرۇش دۇنيا ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتە قولىغا ئەمدىلا ئەڭ ئاددىي قوراللارنى ئالغان ئاۋام ـ پۇخرا، يەنە بىر تەرەپتە ئەينى چاغدىكى دۇنيادا بەش چوڭ ھەربىي كۈچنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان گومىنداڭنىڭ نەچچە چارەك ئەسىرلىك ئۇرۇشلاردا پىشقان مۇنتىزىم ئارمىيەسى بار ئىدى.

تەيۋەن تارىخچىسى جاڭ داجۇننىڭ «شىنجاڭدىكى 70 يىللىق بوران چاپقۇن» ماۋزۇلۇق كىتابىدىمۇ بۇ ۋەقە گومىنداڭ ئۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، 19 ـ يانۋار كۈنى شى يىفېڭ جەڭدە ئېغىر يارىلىنىپ، پۈتۈن قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئاز بىر قىسىم ئادىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان. بۇنىڭ بىلەن تاجاۋۇزچى خىتاي گومىنداڭ شوۋېنىست باندىتلىرىنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خوجايىن خەلقلەرنى قايتا قۇل قىلىش پىلانى بىتچىت بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ئاساس سېلىنغان.

مەزكۇر ماماتلىق ئۇرۇشتىن كېيىن، پۈتۈن قوراللىق ئەترەتلەر غۇلجىدىكى ئۈچ چوڭ مۇھىم ئورۇنغا سولىنىۋالغان قالدۇق دۈشمەنلەرگە قارشى ئومۇميي ھۇجۇم باشلىغان. قۇربان بۇرھانىدىنوف باشلىغان جەڭگىۋار قوشۇن ئايرودرومنى ئازاد قىلغان. ئوسمان ئىبراھىموف ۋە غېنى باتۇر باشلىغان قىسىملار ھەرەمباغ ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقاتقان. فاتىخ باتۇر ۋە باشقا جەسۇر ئەزىمەتلەر باشلىغان قىسىملار لەڭشاڭ بۇتخانىسى ئىچىدىكى قالدۇق دۈشمەنلەرنى تولۇق تەسلىم قىلدۇرغان. شۇنداق قىلىپ، 21 ـ يانۋاردىن 31 ـ غىچە بولغان 11 كۈن ئىچىدە غۇلجا شەھىرىدىكى دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي يوقىتىلغان.

قۇربان بۇرھانىدىنوف نىلقا ۋە غۇلجىدا بولغان بارلىق ئۇرۇشلاردا تەڭداشسىز تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ھەربىي چارە كۆرۈش ئىشىنى ئۇنى تەقدىرلەشكە ئۆزگەرتكەن. چۈنكى، ستالىن ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ۋە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەننى تارمار قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ئوبرازىنى قايتىدىن ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلغان. شەنگە داغ چۈشۈرگەن ئورۇس ئىسكەندەرنى قاتتىق ئەيىپلىگەن، ئاداققىچە كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان قەھرىمان ئەزىمەتلەرگە مەخسۇس تەبرىكنامە ئەۋەتكەن. شۇڭلاشقا، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىلى 27 ـ يانۋار كۈنى 13 ـ نومۇرلۇق مۇھىم قارار ماقۇللاپ، خەلقنى دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى غەنىمەت بۇيۇملارنى ئېلىپ سوۋېتقا قېچىپ كەتمەكچى بولغان كۆك ئورۇس ئىسكەندەرنىڭ ھەربىي ئىشلار نازىرلىق مەنسىپىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى 1 ـ فېۋرال كۈنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان. يېڭى ھەربىي ئىشلار نازىرلىق ئورنى رەھىمجان سابىر ھاجىغا تاپشۇرۇلغان. 2 ـ ئايدا رەھىمجان سابىر ھاجى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى قابىل ئىقتىدارىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا ئالمىشىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ھەربىي ئىشلار نازىرلىقىغا تەيىنلەندى.

قۇربان بۇرھانىدىنوف ئايرودرومدىكى ئۇرۇشلاردا يارىلىنىپ بىر مەزگىل دەم ئالغان. كېيىنچە 1945 ـ يىلى جىڭ ۋە شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىدا شىمالىي يۆنىلىش قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالتاي، تارباغاتاي ۋە چۆچەكلەرنى ئازاد قىلغان. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ نامى ماناس دەرياسى

بويىدىكى توختاپ قېلىشتىن كېيىن تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەتلا ئۇنىڭ 1955 ـ يىلى غېنى ۋە فاتىخ باتۇرلارغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنلىك ئۇچۇرى مەۋجۇت. ئاخىرقى ھاياتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ھازىرغىچە سىر پېتى تۇرماقتا.

تەيۋەندىكى گومىنداڭ خىتاي باندىتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى تېخىچە بېسىپ ياتقان ھازىرقى كوممۇنىست قىزىل خىتاي باندىتلىرىنىڭ رەسمىي ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرى ۋە ئارخىپلىرىدا، 1944 ـ يىلىدىكى ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ، تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇترىتىشى ۋە ياردىمى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكى، كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباس قاتارلىق مىللىي رەھبەرلەرنىڭ بۇ ئاتالمىش خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئاتالمىش «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ھۆكۈمىتى» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكى تەكىتلەنمەكتە.

ئەمەلىيەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىن ئىرادىسى ۋە ئېغىر قانلىق بەدەللىرى بىلەن 1944 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن ئىككىنچى مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غايەت زور سىياسىي ۋە ھەربىي بېسىمى، شۇنداقلا تۈرلۈك دەخلى ـ تەرۇزلىرى تۈپەيلىدىن ئەسلى غايىسىدىن قىسمەن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان، كېيىنچە، مەزكۇر مىللىي جۇمھۇرىيەت ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىمۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇنىڭ خىتايدىكى يېڭى تۆرەلمىسى بولمىش خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ بارغان سىياسىي سۇيىقەستى نەتىجىسىدە ئېچىنىشلىق ھالدا مۇنقەرىز قىلىنغان ئىدى. مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇربان قىلىنىشى بىلەن ئىراننىڭ شىمالىدىكى ئازاد جەنۇبىي ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ئىنقىلابنى بىر مەھەل قوللىشىدىكى ۋە ئۇنىڭغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىدىكى ئاساسى مەقسىدى خۇددى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ بايان قىلغىنىدەك، ئۇنى تامامەن كونترول ئاستىغا ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدى. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسلى مەقستى، شىمالىي ئۇيغۇر جۇغراپىيەسىدىكى مەزكۇر مىللىي ئىنقىلابنى كوزۇر قىلىپ تۇرۇپ، خىتايغا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى تولۇق ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىدى.

دەرۋەقە، 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چاقىرىلغان يالتا يىغىنىدا ستالىن، ئەگەر خىتاي تەرەپ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر تۈرلۈك مىللىي توقۇنۇشلارغا پۈتۈنلەي ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش تۇپراق پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، يالتا يىغىنى ئاساسىدا 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا، " خىتاي ـ سوۋېت دوستلۇق ئەھدىنامىسى " تۈزۈلۈپ،

تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قىلىۋاتقان بارلىق ياردەملىرىنى توختىتىپ، مىللىي ئارمىيەنى 1945 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر كۈنىدىن 1949 ـ يىلى 22 ـ دېكابىرغىچە ماناس دەرياسى بويىدا تۆت يىل ئۈچ ئاي ۋە 11 كۈن توختىتىپ قويغاندىن سىرت، يەنە 1946 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇندا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچۇرۇپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي ۋە ھەربىي بېسىملىرى تۈپەيلىدىن ئازاد شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى جاڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش يەككە پارتىيىلىك دۆلەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مەجبۇرىي مۇرەسسە قىلىپ، 11 بېتىم ئاساسىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغان ئىدى.

مەشھۇر تارىخچى دوكتۇر ئاندرېۋ فوربېس ئەپەندى تەرىپىدىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان سىياسى تارىخى ھەققىدە يېزىلغان كىتابتىمۇ، 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىر قۇرۇلغان ئىككىنچى مىللىي جۇمھۇرىيەتنىڭمۇ خۇددى 1933 ـ يىلىدىكى تۇنجى جۇمھۇرىيەتكە ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستان خوجايىن خەلقىنىڭ سىياسىي، مىللىي ۋە دىنىي كەمسىتىشكە، تالان ـ تاراجلارغا، زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقلارغا قارشى كۆرەش ئىرادىسىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نىلقا مىللىي ئىنقىلابىنىڭ پارتلاپ چىقىپ، 88 كۈن ئىچىدىلا پۈتۈن قوشنا جاھانگىر ئەللەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن مۇستەقىل مىللىي دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشىغا ئوخشاشلا مۇستەبىت دىكتاتور شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭغا ئارقا تېرەك بولغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇملىرى سەۋەبچى بولغان ئىدى.



تۆگۈنلەر ۋە يېشىملەر

# نامراتلىق پىسخىكىسى

ئاندرېۋ گىگانتى

# نامراتلىق پسىخكىسى

ئاندرېۋ گېگانتى

## تونۇشتۇرۇش

جونىي تومسون كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى، ئوكسفوردتا ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت پەلسەپە دەرسى بەرگەن. ئۇ «Big Think» تور بېتىنىڭ ستون يازغۇچىسى، شۇنداقلا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە ئەڭ كۆپ سېتىلغان ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورىدۇر. ئۇنىڭ كىتابلىرى ھازىرغىچە 22 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

جونىي يەنە تەخمىنەن ئىككى مىليون ئەتراپىدىكى بىلىمگە قىزىقىدىغان، زېھنى ئوچۇق كىشىلەرنى جەم قىلغان «Mini Philosophy» ناملىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر. ئۇ پەلسەپىنى چۈشىنىشلىك، تۇرمۇشقا يېقىن ۋە قىزىقارلىق قىلىپ تەسۋىرلەش بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

## نامراتلىق پسىخكىسى

نامراتلىقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاقىۋەتلىرى تولۇق ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر نامراتلىقنىڭ پسىخكىلىق تەسىرىگە دائىم سەل قاراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى نامراتلىقنى باشتىن كەچۈرگۈچىلەرنىڭ سېزىش، ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇللىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. نامراتلىق روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنى كۆپەيتىش، ھەرىكەت-مىجەزلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئۆزلىكىدىن كۈچىيىدىغان بىر خىل مېخانىزم سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. بۇ ئەھۋال شەخسلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقنىڭ دەۋرىيلىكىنى ۋە گويا تەقدىرگە تەن بەرگەندەك تۇيۇلىدىغان خاراكتېرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## نامراتلىق، روھىي ساغلاملىق ۋە ماددا خۇمارى

نامراتلىقنىڭ روھىي ساغلاملىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈشكۈنلۈك، ئەندىشە، زەربىدىن كېيىنكى روھىي جىددىيلىك (PTSD)، كەيپىيات توسالغۇلىرى ۋە پسىخىكىلىق يىمىرىلىش قاتارلىق پسىخولوگىيىلىك كېسەللىك ئەھۋاللىرى ئىشسىزلىق نىسبىتى يۇقىرى ۋە نامرات رايونلاردا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. نامراتلىقنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق تەسىرى — ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدۇر.

نامراتلىق، ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىش ۋە ھاراقكەشلىك ئوتتۇرىسىدىمۇ كۈچلۈك باغلىنىش بار. ئىشسىز قالغان، نامرات ياكى بىخەتەر بولمىغان ئائىلە شارائىتىدا ياشايدىغانلار ئارىسىدا خىزمىتى، مائارىپى ۋە بىخەتەر تۇرمۇشى بارلارغا قارىغاندا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش مەسىلىسى نامراتلىق ئىچىدە ياشايدىغان كىشىنى پۈتۈنلەي ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمىگە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ ياكى تۇيۇقسىز ساغلاملىق كىرىزىسى ۋە سەرسانلىق (ئۆيسىزلىك) بىلەن ئاخىرلىشىدىغان سەلبىي ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ.

نامراتلىقنىڭ ئاقىۋەتلىرى مىللەت ۋە ئېتنىك كېلىپ چىقىشتىن ھالقىغان بولىدۇ. 43 دۆلەتتە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە، تۆۋەن كىرىمنىڭ سەلبىي پسىخىكىلىق ھالەت ۋە ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇلار پەرۋاسىزلىق، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچنىڭ تۆۋەنلىشى، جەمئىيەتكە قارشى پوزىتسىيەلەر ۋە روھىي جەھەتتىكى تەكشىسىزلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىقتىسادىي تەپەككۇر

نامراتلىق زېھنىگە ئېغىر يۈك بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىدىكى بېسىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بېسىم «زېھىن سىغىمى»غا، يەنى شەخسنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجرا كونتروللۇقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىلىش ئىقتىدارى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۇچۇرلارنى ئەستە ساقلاش ۋە لوگىكىلىق يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرسە، ئىجرا كونتروللۇقى زېھنىنى يىغىش، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئەستە ساقلاش، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ۋە ئۆز-ئۆزىنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ. نامراتلىق ئىقتىسادىي غەم-ئەندىشىلەرنىڭ

زېھنىي يۈكى سەۋەبىدىن، بىلىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىجرا كونتروللۇقىنى، بولۇپمۇ ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا توسالغۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، نامراتلىق ھالىتىدىكى شەخسلەر ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈشتىن كۆرە، ئاپتوماتىك تەپەككۇر قىلىشقا تېخىمۇ بەكرەك تايىنىشقا مايىل بولىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى زېھنىنى ئۇنچە چارچاتمىسىمۇ، ئەمما زېھىن سىغىمىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن شەخسنىڭ بارلىق ئېھتىماللىقلا ئىگە نەتىجىلەرنى ئويلىشىش پۇرسىتىنى ئازايتىۋېتىدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، نامراتلىق ئىچىدە ياشايدىغان كۆپىنچە كىشىلەر بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، نەتىجىدە باشقا ئىشلارنى قۇربان قىلىپ، پەقەت ئەڭ جىددىي ۋە زۆرۈر بولغان ئىشلارنىلا بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ «تونېل ئۈنۈمى» دەپ ئاتىلىدۇ. تونېل ئۈنۈمى شۇنداق بىر خىل روھىي ھالەتكى، بۇ خىل روھىي ھالەتتىكى كىشى پەقەت قولىدىكى قىيىنچىلىقنى باشقۇرۇشقىلا زېھنىنى يىغىپ، ھاياتنىڭ باشقا قىسىملىرىنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ. تونېل ئۈنۈمى يەنە «ۋاقىت ئېتىبارى»غىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. نامراتلىقتىكى شەخسلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشان ياكى مۇكاپاتلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ ۋە پەقەت ئەڭ يېقىنقى، جىددىي نەتىجىگىلا دىققەت قىلىدۇ. ئوتتۇرا كىرىملىك كىشىلەر ۋە بايلار بولسا كەلگۈسىدىكى نەتىجىنى كۆپرەك ئويلىشىدۇ ۋە شۇ بويىچە پىلان تۈزەلەيدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر قىسىم تەسىرلىرى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مايىللىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۆۋەتتىكى تەۋەككۈلچىلىكلەرگە جۈرئەت قىلالماسلىق، كەلگۈسىدە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان يېڭى تېخنىكا، سىياسەت ۋە ياردەملەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىش قاتارلىقلار بار. يېڭى تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش بىر تۈرلۈك زىتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى نامراتلىقتىكى شەخسلەر دەل ئۆزلىرىگە ياردىمى تېگىدىغان مەنبەلەردىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

### بىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى

نامراتلىقتا چوڭ بولۇش بىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. تەخمىنەن ئۈچ ياش مەزگىلىدە، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەردىكى بالىلار بىلەن كىرىمى يۇقىرى ئائىلىلەردىكى بالىلار ئارىسىدا بىلىش ۋە بىلىشتىن سىرتقى ماھارەتلەر جەھەتتە پەرقلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

نامراتلىقتىن كېلىپ چىققان بېسىم بىلىش ئىقتىدارىنىڭ بۇزۇلۇشىنى، جۈملىدىن چوڭ مېڭە «دېڭىز

ئات شەكىلدىكى بەلباغ» (hippocampus) ئەستە ساقلاش سىستېمىسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نامراتلىق سەۋەبىدىن كورتىزول (cortisol) سەۋىيەسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرى بىر قىسىم كېسەللىك سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان داۋاملىق بېسىم كىشىنىڭ قارار چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ هال نامراتلىقتا ياشايدىغان كىشلەردە بىر قېلىپقا چۈشكەن ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بېسىم يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىجرا كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ چىدامسىز (ھېسسىياتقا تايىنىپ تېز قارار چىقىرىدىغان) قىلىپ قويىدۇ. بېسىمنىڭ مېڭىگە كۆرسىتىدىغان خىمىيەلىك تەسىرى، بولۇپمۇ كورتىزولنىڭ ئۆرلىشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، نامراتلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان خاتا قارارلار كۆپىنچە ئەقىل-پاراسەتنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى نامراتلىقنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىدۇر.

### نامراتلىق زەنجىرىنى ئۈزۈش

نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بىلىش چەكلىمىلىرى ياكى نامراتلىقنىڭ ئۆزى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى تەقدىر، ياكى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھۆكۈم ئەمەس. زامانىۋى ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى نىشان قىلىش ئارقىلىق تەنەرخى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان يېڭى ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.

### ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى نىشان قىلىش

كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى چۈشىنىش ۋە ئۈنۈملۈك ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىش مۇرەككەپ بىر جەريان. ئارىلىشىش تەدبىرلىرى جەزمەن شەكىللەنگەن ھەرىكەت قېلىپلىرىغا قارىتا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغاندىن كېيىن يولغا قويۇلۇشى كېرەك. «تۈرتكە بولۇش» (nudging) خاراكتېرىدىكى ئارىلىشىش تەدبىرلىرىگە ئىجتىمائىي تەسىر، ئىشلىتىش قولايلىق مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەش، پىكىر قايتۇرۇش ياكى ئەسكەرتىش، مىكرو رىغبەتلەندۈرۈش ۋە فىزىكىلىق مۇھىتتىكى ئىشارەتلەر مىسال بولالايدۇ. ئەسكەرتىشلەرنىڭ مۇۋاپىق شارائىتتا قوللىنىلغاندا ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك بىر چارە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. كېنىيەدە ئەيدىز (HIV) داۋالىشىنى قوبۇل قىلغۇاتقان بىر قىسىم بىمارلار دورىنى ۋاقتىدا ئىچىشتە قىينالغان. ساغلاملىق خىزمەتچىلىرى بىمارلارغا دورا ئىچىش ۋاقتىنى ئەسكەرتىپ قەرەللىك قىسقا ئۇچۇر ئەۋەتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، دورىنى ۋاقتىدا ئىچىدىغان بىمارلارنىڭ نىسبىتى 13% ئاشقان.

نامراتلىق زەنجىرىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئىنتايىن نامرات كىشىلەرگە نىسبەتەن، پەقەت ھەرىكەت جەھەتتىكى تۈرتكىلەردىن ھالقىغان چارىلەر زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن. ئىنتايىن نامراتلىق ئەھۋاللىرىدا، كۆپ تەرەپلىمىلىك نامراتلارنى يۆلەش پروگراممىلىرى نامراتلارغا پايدىلىق تەرەققىيات يارىتىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر.

## كۆپ تەرەپلىمىلىك نامراتلارنى يۆلەش پروگراممىلىرى

كۆپ تەرەپلىمىلىك نامراتلارنى يۆلەش پروگراممىلىرى بىر نەچچە خىل ئوخشىمىغان ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىجابىي نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان ئۇنىۋېرسال ئۇسۇلنى شەكىللەندۈرىدۇ. نامراتلىقتا ئوخشاش كۆپ قىرلىق مەسىلىلەر جەزمەن كۆپ قىرلىق ھەل قىلىش چارىلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ تەرەپلىمىلىك پروگراممىلار نەق پۇل ياردىمى، ماھارەت تەربىيەلىنىشى ۋە يېمەك-ئىچمەك ياردەم پۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەشەببۇسلار يەنە ئامانەت قويۇش ئىمكانىيىتى، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق مۇلازىمەتلىرى، شۇنداقلا ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئۆلچەش ئۈچۈن پروگراما باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن قەرەللىك كۆرۈشۈش پۇرسىتى تەمىنلەيدۇ. ئىنتايىن نامراتلارغا ياردەم بېرىش جەھەتتە بۇ پروگراممىلار ئىنتايىن ئۈنۈملۈكتۇر. بۇ پروگراممىلار يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق، پۇل-مۇئامىلىگە قاتنىشىش ۋە ۋاقىتتىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى ياخشىلاشتا دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا، كىرىم ۋە پايدىنىڭ ئېشىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇلۇكلىرىنىڭ كۆپىيىشى، سىياسىي قاتنىشىش ۋە ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىق ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بار.

## كەلگۈسىگە نەزەر

نامراتلىقنىڭ پسىخىكىلىق تەسىرىنى تونۇپ يېتىش — نامراتلىق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۈمىد يارىتىدۇ. نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بىلىش ۋە ھەرىكەت چەكلىمىلىرىنى چۈشىنىش ئارقىلىق كونكرېت خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نىشانلىق ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ. «تۈرتكە بولۇش» خاراكتېرىدىكى ئارىلىشىش تەدبىرلىرى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك نامراتلارنى يۆلەش پروگراممىلىرى — دورىنى ۋاقتىدا ئىچىشنى ئەسكەرتىشتىن تارتىپ نامراتلىقنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسال تەشەببۇسلارغىچە — شەخسلەر ۋە جەمئىيەتلەرنى قوللايدىغان ئۈمىدلىك يوللارنى تەمىنلەيدۇ. سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ۋە كەسپىي خادىملار بۇ خىل ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق

نامراتلىق ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئەھمىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://borgenproject.org/the-psychology-of-poverty-2/



# سەنئەتنىڭ جەمئىيەتتىكى كۈچى

دبورا بار

# سەنئەتنىڭ جەمئىيەتتىكى كۈچى

دىبورا بار

بارلىق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتلەردە كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش ئۆلچەملىرى ۋە شەخسىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ مەلۇم چەكلىملىرى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ سەنئەت ئاممىۋى ئالاقىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ شەكىللىرىنى يارىتىشقا بولىدىغان نىسبەتەن ئەركىن بىر ساھە بولۇپ قالماقتا. بۈگۈنكى دۇنيا ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئۆزئارا سىڭىشىش ۋە تەبىر بېرىشكە ئوچۇق بولۇپ، سەنئەتنىڭ بىرگە شەخس ۋە جەمئىيەت سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھازىر مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ كەتتى. تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت ۋە كىنو قاتارلىق ئاممىۋى ئالاقە ۋاسىتىلىرى مەدەنىيەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ھەمدە دۆلەتلەر، ھەتتا قىتئەلەر ئارا تورلىشىش بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىمىزدىن ۋە ئۆز چېگرالىرىمىزدىن ھالقىپ يېڭى-يېڭى كۈلتۈر-مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشىمىزغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

سەنئەت ئاڭغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇ كىشىنى مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قېلىپلىرىدا يول قويۇلمايدىغان ئويلىنىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. پىكىرلىشىش ۋە ئويلىنىش ئەركىنلىكى سەنئەتكارلارنىڭ ئامىنىڭ دىققىتىنى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە جەلپ قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. سەنئەت ۋە سەنئەتكارلار زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە دىققەتنى يۆتكەش ئۈچۈن كۈچ قوشالايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلماقتا. بۇ، سەنئەت بىۋاسىتە سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك شەكلى دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس! ئۇ پەقەت شەخسىي تەنقىدىي ئاڭنى يېتىلدۈرىدىغان بىر سورۇن سۈپىتىدە ئەڭ ياخشى رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئۇ بىۋاسىتە سىياسىي قاتنىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى شەكىللىنىدىغان ساھەلەرنىڭ بىرىدۇر. سەنئەتنى بىر مەھسۇلات دەپ ئەمەس، بەلكى قىممەت ئىزدەش جەريانى دەپ قاراش، نۆۋەتتە ئېستېتىك ئۈنۈمگە بېرىلگەن يېڭىچە باھادۇر.

يېقىنقى سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكى دىققەت مەركىزىنىڭ سەنئەت بۇيۇمىدىن كۆرۈرمەنىنىڭ

كەچۈرمىشىگە بۇرۇلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىلگىرى دىققەت ھەممىشە سەنئەت بۇيۇمىنىڭ نەزەرىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە شەكىل جەھەتتىكى مەزمۇنىغا قارىتىلاتتى. ھازىر بولسا سەنئەتنىڭ چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىش ئارقىلىق ھېسداشلىق يارىتالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، سەنئەت كۆرۈرمەننى پەقەت كۆرۈش سېزىمى ياكى ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھېسسىياتى، روھىيىتى، ئەخلاقى، تۇيغۇسى ۋە پسىخىكىلىق مەۋجۇتلۇقى بىلەن سىنايدۇ. ھېسداشلىق تېپىش — پەرقلىرىمىزدىن ھالقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق نۇقتىسىغا يېتىشنى بىزدىن تەلەپ قىلىدۇ.

سەنئەت يېزىق تېكىستىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا ئالاقە قىلىدۇ، تەنقىدىي تەپەككۇرنى سىنايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدۇ. بەزى سەنئەت تۈرلىرى يەنە جەمئىيەتتە مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدە ئاڭ يارىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇ جەزمەن كۆرۈرمەنگە بولغان سەمىمىي يېقىنلىق ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان باغلىنىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. كۆرۈرمەنگە كۈچ بېرىدىغان سەنئەت، سەنئەتكار بىلەن تاماشىبىننى سۇبيېكتىپلىق سىنالغان ۋە ئورتاق تونۇش ئىزدەلگەن بىر سۆھبەتكە چۆكتۈرىدۇ. بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىرىشكە بولغان قارشىلىقنىڭ شەخسىي تەرەپلىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ شۇنداقلا، قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورتاق كەچۈرمىشلەرنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق، ئۆز-ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسىنى يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى بەرپا قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ھېسداشلىق بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىن يەنە بىر كىشىگە قول سۇنۇشى بىلەن باشلىنىدۇ، بۇ بولسا ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدىغان تۇيغۇنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەت كۈچىدۇر. بالىلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر سەنئەتكار بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەسەرلىرىمنىڭ «پائالىيەتچى سەنئەتكار» دېگەن ئۇقۇم بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە دائىم ئويلىنىمەن. مېنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى مەقسىتىم — كۆرۈرمەن ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلالايدىغان بىر خىل كۆرۈش سېزىمى دىئالوگى يارىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشتۇر. بىر سەنئەتكار سۈپىتىدە دۇچ كەلگەن خىرىسىم — بىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىچكى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈشتۇر. مەن سەنئىتىمنىڭ «ئۆز-ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرۈش» رولىنى ئويناپ، ئادەمنىڭ ئىچىدىكى «بالا قەلبى»گە ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق بالىلارغا بولغان چۈشىنىش ۋە شەپقەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئەسەرلىرىمگە بىر سىياسەتچى ياكى ئىجتىمائىي خىزمەتچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر ئانا ۋە بالىلار مەسىلىسىگە دىققەت تارتىشنى خالايدىغان بىر سەنئەتكار سۈپىتىدە يېقىنلىشىمەن.

بىر سەنئەتكار سۈپىتىدىكى نىشانىم — ئېستېتىك جەھەتتىن گۈزەل، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىش بولۇپ كەلدى. نىشانلىرىمدىن بىرى يەنە باللار ئۈچۈن ئىجابىي ئۆزگىرىش يارىتىشتۇر. مەن ئەسەرلىرىم بىلەن ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە رۇسىيە قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولدۇم، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۆزگىرىشنىڭ تۈرتكىسى بولدۇم، ھەمدە خەلقئارالىق پايدا ئالمايدىغان تەشكىلات پائالىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسىغا ئايلاندىم. مەن سەنئەتنىڭ ئۆزگەرتىش قۇدرىتىگە ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ بارلىق جەۋھەرلىرىگە ئىشىنىمەن.

گۈزەللىككە ئىجتىمائىي ئەھمىيەت بېغىشلاش مېنىڭ نىشانىم بولۇپ كەلدى. بۇ، سەنئەت ئەسىرىنىڭ پەقەت فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇر مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. گۈزەللىك مەلۇم بىر جىسىمدا ئەمەس، بەلكى كىشىنىڭ شۇ جىسىم بىلەن بولغان جەريانىدىكى تەسىراتىدا مەۋجۇت بولىدۇ. گۈزەللىك — ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىدۇر. مەن گۈزەللىكنى بىزنى بىر-بىرىمىزگە يېتەكلەيدىغان تەسىراتلارنىڭ ئۆلچىمى، يەنى ئاگسىزلىقنى ئويغىتىدىغان ۋە ئىنسانىي ھەمكارلىقنى چىڭىتىدىغان ئۆزگەرتىش خاراكتېرلىك كەچۈرمىشلەرنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى دەپ قاراشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

سەنئەتكارلار ئەپسانە ياراتقۇچىلاردۇر، بىز باشقىلار بىلەن بىرلىكتە رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىن بەرپا قىلىنىشىغا قاتنىشىمىز. بىز كوللېكتىپ ھالدا مەنا ئىزدەيمىز. ئېتىقاد، سىمۋول ۋە سۆزلەرنىڭ مۇرەككەپ تورى بىزنى شەخسىي كىملىك بىلەن، كوللېكتىپنى بولسا ئورتاق كىملىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. سەنئەت كۆرگەزمە سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا، تېخىمۇ چوڭ جەمئىيەت ۋە مۇھىتىمىز بىلەن بىرلىشىش رولىنى ئوينايدۇ. نۆۋەتتىكى «مەۋقە» ۋە ئېتىقاد قۇرۇلمىلىرىغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان سەنئەت — ئىجتىمائىي ۋە مۇھىت ئامىللىرىغا قىممەت بېغىشلايدىغان مەزمۇنلارنى كېڭەيتىدۇ. مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىجاد قىلىدىغان زامانىۋى سەنئەتكارلار شەخسىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتمەكتە.

سەنئەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ چوڭ چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قىزىقىدىغان بەزى سەنئەتكارلار تەرىپىدىن قەستەن ۋە ئاڭلىق تاللانغان بىر قورال سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇ مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي قېلىپلارنىڭ ھەرىكەت كۈچىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە — كەم دېگەندە ئازراق بولسىمۇ — ياردەم بېرىشى مۇمكىن. سەنئەت كىشىلەرنىڭ دۇنيارىمىزنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئىنسان ئېڭىنىڭ ئۇنىڭغا ھەر دەرىجىدە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈشىگە، شۇنداقلا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان يەنە بىر خىل ۋاسىتىدۇر.

مېنىڭچە، ھېرمان مېلۋىل (Herman Melville) مۇنداق دەپ ناھايىتى گۈزەل تەسۋىرلىگەن: «بىز پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ياشىيالمايمىز. ھاياتىمىز مىڭلىغان كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن بىر-بىرىگە باغلانغان. بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىز ئەنە شۇ ھېسداشلىق تالالىرى بويىچە سەۋەب سۈپىتىدە تارقىلىپ، بىزگە نەتىجە سۈپىتىدە قايتىپ كېلىدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.deborahbarrart.com/new-page-4





# ئامېرىكا - ئىران تۈرۈشىدىكى ئەڭ چوڭ پايدىنى كىم ئالىدۇ؟

مەمەت ئىمىن دوختۇر

# ئامېرىكا ـ ئىران ئۇرۇشىدىكى ئەڭ چوڭ پايدىنى كىم ئالىدۇ؟

مەمەتئىمىن دوختۇر

ئامېرىكا بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، بىرلا دۆلەتنى «ئەڭ چوڭ پايدا ئالىدىغان دۆلەت» دەپ كېسىپ ئېيتىش قىيىن. چۈنكى ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر ۋە بۇ مەسىلىنى قايسى نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ ئانالىز قىلىشقا باغلىق.

نۆۋەتتىكى توقۇنۇشتا ئەڭ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشكەن دۆلەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

1. ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت جەھەتتە: نۇرغۇن سىياسىي ئانالىزچىلار خىتاينى ئەڭ چوڭ مەنپەئەتدار دۆلەت دەپ قارىماقتا. ئىران غەربنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندا، خىتاي ئىران نېفىتىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق ۋە ئىران مەسىلىسىگە قانچە كۆپ كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلسا، خىتاينىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە شۇنچە كۆپ بوشلۇق چىقىدۇ. خىتاي ئۈچ يىل بۇرۇن ئىران بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ياراشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رايوندىكى «تىنچلىق ئەلچىسى» ئوبرازىنى تىكلەپ، ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلدى.

2. ھەربىي ۋە سىياسىي ئىتتىپاقداشلىق جەھەتتە: رۇسىيە ئامېرىكا ـ ئىران ئارىسىدىكى توقۇنۇشتىن تۆۋەندىكىدەك مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن. ئىران بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھەمكارلىق كۈچەيدى. ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتە  ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىشى رۇسىيە ئۈچۈن دۇنيا سەھنىسىدە غەلىبە ھېسابلىنىدۇ. رايوندىكى ھەر قانداق ئۇرۇش تەھدىتى نېفىت باھاسىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولغان رۇسىيەنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ.

3. بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن: ئىسرائىلىيە ئىراننى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ تەھدىت دەپ بىلىدۇ. ئامېرىكانىڭ ئىرانغا قاراتقان جازالىرى ۋە ھەربىي ھۇجۇملىرى ئىراننىڭ قوراللىق كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ. بۇ ئىسرائىلىيەنىڭ رايون بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پايدىلىق.

4. ئامېرىكانىڭ چوڭ قورال ـ ياراغ شىركەتلىرى (Raytheon , Lockheed Martin قاتارلىقلار) ئوتتۇرا شەرقتىكى جىددىي ۋەزىيەت ۋە قوراللىق توقۇنۇشلاردىن ئەڭ چوڭ ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەتراپلىق قارىساق، بۇ توقۇنۇشتا خىتاي ھېچقانداق ھەربىي چىقىم تارتماي تۇرۇپ، رايوندىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغانلىقى ۋە ئەرزان ئېنېرگىيەگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن «ئەڭ چوڭ پايدا ئالغان دۆلەت» ھېسابلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا، خىتاي دۇنياغا «تىنچلىقپەرۋەر» دۆلەت سۈپىتىدە تونۇلۇپ، خەلقئارادا تېخىمۇ چوڭ ھۆرمەت قازىنىشى ۋە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن:

1. خىتاينىڭ «يۇمشاق كۈچى» نىڭ ئېشىشى: ئامېرىكا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئوتتۇرا شەرققە ھەربىي جەھەتتىن ئارىلىشىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدە «ئۇرۇش قوزغىغۇچى» سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ قالدى. خىتاي بولسا قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە دىپلوماتىك ۋاسىتىچىلىك ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.

2. دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئۆزگىرىشى: ئەگەر دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان كىرىزىسلار ئامېرىكانىڭ بومبىلىرى بىلەن ئەمەس، خىتاينىڭ سۆھبەت ئۈستىلىدە ھەل بولۇشقا باشلىسا، بۇ ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئاخىرلىشىپ، خىتاي يېتەكچىلىكىدىكى كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا تەرتىپىگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3. ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك: تىنچلىق بولغان يەردە سودا بولىدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول» پىلانىنى تىنچ مۇھىتتا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق يولغا قويالايدۇ. ئىران ۋە باشقا ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشلىرى خىتاي شىركەتلىرى ئۈچۈن غايەت زور بازار ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، خەلقئارا سىياسەتتە «ساپ ئەخلاق» تىن كۆرە مەنپەئەت ھەمىشە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. خىتاينىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇقىم ۋە ھازىرچە ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق.

خىتاينىڭ بۇ خىل «يۇمشاق» دىپلوماتىيەسى غەرب ئەللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلىشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇمكىن ئەمەس. ئەمما غەرب ئەللىرى، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى ئامېرىكىغا تايىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خىتاي تەرەپكە يېقىنلىشىشى مۇمكىن.

ياۋروپانىڭ خىتايغا يېقىنلىشىشى ھەرگىزمۇ ياۋروپانىڭ خىتايغا ئىشەنگەنلىكى ياكى خىتاينى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياج ۋە مەنپەئەت تەكشۈكلۈكىدىن بولۇپ، بۇ جەرياننى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. فرانسىيەگە ئوخشاش ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇزۇندىن بېرى ياۋروپانىڭ ئامېرىكىغا زىيادە تايىنىپ قالماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئەگەر ئامېرىكا-ئىران توقۇنۇشى

ياۋروپانىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزسە، ياۋروپا ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خىتاي بىلەن بولغان سودا ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

2. ياۋروپا دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ گېرمانىيە ئۈچۈن خىتاي ئەڭ چوڭ سودا شېرىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان تەقدىردىمۇ، ياۋروپا ئۈچۈن خىتاي بازىرىدىن ۋاز كېچىش ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ يولىنى كەسكەن بىلەن باراۋەر. شۇڭا ئۇلار خىتاينىڭ «تىنچلىق ۋاستىچىسى» بولۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ سودا يوللىرىنى ئوچۇق تۇتۇشتىكى بىر پۇرسەت دەپ بىلىدۇ.

3. ئەگەر خىتاي تىنچلىق سۆھبەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ياۋروپا «دۇنيا تىنچلىقىنى پەقەت ئامېرىكىلا قوغدىيالايدۇ» دېگەن كونا چۈشەنچىدىن ۋاز كېچىشكە باشلايدۇ. بۇ، خەلقئارادا «ئۈچىنچى بىر كۈچ» بولۇشقا تىرىشىۋاتقان ياۋروپا ئۈچۈن، خىتاينى ئامېرىكىغا قارشى بىر تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچ سۈپىتىدە قوللىنىش پۇرستى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئەمما غەرب ئەللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى قىيىن. چۈنكى بىرىنچىدىن قىممەت قاراشتىكى پەرق، بولۇپمۇ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مەسىلىلىرىدە غەرب بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار. ئىككىنچىدىن بىخەتەرلىك جەھەتتە ياۋروپا يەنىلا ئامېرىكا ۋە ناتونىڭ ھەربىي قالقىنىغا مۇھتاج.

قىسقىسى، ياۋروپانىڭ خىتايغا يېقىنلىششى تىجارەتنى ئاساس قىلغان يېقىنلىشىش بولۇپ، خىتاي بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى «دۇنيانىڭ يېڭى، مەسئۇلىيەتچان يېتەكچىسى» قىلىپ كۆرسىتىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.



# ما شىڭرۇي پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەكتە

# ما شىڭرۋي پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەكتە

روييتېرس ئاگېنتلىقى

قىسقىچە مەزمۇنى:

ما شىڭرۋي «قانۇن ۋە ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش» گۇمانى بىلەن تەكشۈرۈلمەكتە.

بۇ خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي بىيۇروسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئۈچىنچى ئەزا بولۇپ قالدى.

ما شىڭرۋي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت تاراتقۇلىرىدا كۆرۈنگەن ئىدى.

بېيجىڭ، 3-ئاپرېل (روييتېرس گېزىتى) — خىتاينىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى سىياسىي بيۇرو ئەزاسى، راكېتا ئالىمى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن سىياسىي ساھەگە ئالمىشىپ، بۇ جەھەتتە تېز ئۆسكەن ما شىڭرۋي «قانۇن ۋە ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش» گۇمانى بىلەن تەكشۈرۈلمەكتە.

خىتاي ھاكىمىيەت بېشىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قارار چىقىرىش ئورگىنى بولغان سىياسىي بيۇرونىڭ ۋەزىپىدىكى ئەزالىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئارقىلىق، نەچچە يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان پارىخورلۇقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش كۈرىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ما شىڭرۋي ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە زەربە بېرىش نىشانىغا ئايلانغان ئۈچىنچى ئەزا بولۇپ قالدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى جۈمە كۈنى تارقاتقان بىر ئۇقتۇرۇشىدا: «مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەۋاتقان ما شىڭرۋي نۆۋەتتە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك ئاستىدا تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى.

مەزكۇر پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى دېلوغا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىمىدى.

ما شىڭرۇينىڭ ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش سىياسىي بىيۇرونىڭ يەنە بىر ئەزاسى، خىتاينىڭ ئالىي دەرىجىلىك گېنېرالى جاڭ يۇشيا ئۈستىدىن يانۋاردا باشلانغان تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلماقتا. ئۆتكەن يىلى خې ۋېيدۇڭ پارىخورلۇق سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، 24 ئەزالىق سىياسىي بىيۇرو 23 ئەزاغا قىسقارغان ئىدى. ما شىڭرۇي بىلەن جاڭ يۇشيا تەكشۈرۈش جەريانىدا پەقەت نامىدىلا ئەزا بولۇپ قالماقتا.

ما شىڭرۇينىڭ مەلۇم بولغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جامائەت ئالدىدا كۆرۈنۈشى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۆتىنچى ئومۇمىي يىغىنىدا بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆتكەن ئايدىكى يىللىق پارلامېنت يىغىنى قاتارلىق بىر قانچە مۇھىم پائالىيەتلەرنىڭ دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر كۆرۈنۈشلىرىدە كۆرۈنمىگەن.

**راكېتا ئالىمىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرىنچى قول رەھبىرىگىچە**

66 ياشلىق ما شىڭرۇي ئومۇمىي مېخانىكا كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، خىتاينىڭ شىمالىي شەرقىدىكى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئالەم قاتنىشى ساھەلىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بولغان. نۆۋەتتە ئامېرىكانىڭ جازاسى ئاستىدىكى مەشھۇر خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئون يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان.

ئۇ 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ ئالەم كېمىسى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق ئورنى بولغان خىتاي ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھىغا (CASC) كىرگەن ھەمدە خىتاينىڭ بىر قىسىم ئەڭ مۇھىم سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئادەملىك ئالەم قاتنىشى پروگراممىلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان.

2007 ـ يىلى خەلقئارا ئالەم قاتنىشى ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلانغان ما شىڭرۇي، خىتاي ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ پارتكوم شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛ كېيىنچە 2013 ـ يىلى خىتاي دۆلەتلىك ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى ۋە دۆلەتلىك ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورگىنىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئالىمدىن مەمۇرىي باشقۇرغۇچىغا ئايلانغان بۇ شەخسنىڭ خىتاي ئەمەلدارلار قاتلىمىدىكى چاقماق تېزلىكىدىكى ئۆرلەش مۇساپىسى كېيىنكى يىللاردا ئۇنى تېخنىكا مەركىزى بولغان شېنجېننىڭ پارتكوم سېكرېتارى ۋە دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادىي كۈچ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى قىلغان.

2021ـ يىلى، ما شىڭرۇي شىنجاڭنىڭ پارتكوم شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش نامى ئاستىدا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلغان بېختەرلىك باستۇرۇش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان چېن چۋەنگونىڭ ئورنىنى ئالغان.

ما شىڭرۇينىڭ تەيىنلىنىشى بەزى كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن، چېن چۋەنگونىڭ يۇقىرى بېسىملىق ھەرىكىتى خەلقئارانىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ بۇ كەڭ كۆلەملىك چېگرا رايوننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تىرىشچانلىقى، دەپ قارالغان ئىدى.

ما شىڭرۇي ئۆتكەن يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.reuters.com/world/china/chinese-politburo-member-ma-xingrui-under-investigation-by-/anti-graft-watchdog-2026-04-03



# ئامېرىكا دورا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى كلىنىكلىق سىناقلىرى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش باشلاندى

لى يىخۇا

# ئامېرىكا دورا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى كلىنىكىلىق سىناقلىرى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش باشلاندى

لى يىخۋا

(ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى)

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بىر كومىتېتى يېقىندا بەش داڭلىق دورىگەرلىك كارخانىسى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش باشلىغان بولۇپ، بۇ شىركەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى خىتايدا ئېلىپ بارغان كلىنىكىلىق سىناق ئەھۋالى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان رايونىغا ۋە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ دوختۇرخانىلىرىغا چېتىلىدىغان تەتقىقاتلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشى تەلەپ قىلىندى. كومىتېتنىڭ ئەندىشە قىلىشىچە، بۇ كلىنىكىلىق سىناقلار ئەخلاقىي خەۋپ-خەتەرلەرگە چېتىلىشى، شۇنداقلا بىلىپ-بىلمەي خىتاينىڭ ھەربىي بىيوتېخنىكا ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئاۋام پالاتاسى خىتاي مەسىلىسى ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئاۋام پالاتا ئەزاسى جون مۇلېنار (John Moolenaar) دۈشەنبە (29-ئىيۇن) كۈنى فايزېر (Pfizer)، مېرك (Merck)، ئېلى لىلى (Eli Lilly)، ئابۋى (AbbVie) ۋە بىرىستول مايېرس سكۇيب (Bristol Myers Squibb) قاتارلىق بەش دورىگەرلىك شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرىغا ئايرىم-ئايرىم مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلاردىن كېچىككەندىمۇ 17-ئىيۇلغىچە خىتايدا ئېلىپ بارغان كلىنىكىلىق سىناقلىرىغا ئائىت تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى كومىتېتقا تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. تەلەپ قىلىنغان ئۇچۇرلار شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ دوختۇرخانىلىرىدىكى سىناق تۈرلىرىگە قارىتىلغان تەكشۈرۈشلەر، سانلىق مەلۇمات قوغداش تەدبىرلىرى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىگە ئۇيغۇنلۇق تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

كومىتېت مەكتۇپىنىڭ بېشىدا مۇنداق دەپ بىلدۈردى: «ئامېرىكا خىتاي بىلەن كەسكىن بىيوتېخنىكا رىقابىتى ئېلىپ بارماقتا. بۇ رىقابەت ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە

مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى داۋالاش-ساقلىق ساقلاشنىڭ كەلگۈسىگە شۇنداقلا ئامېرىكا داۋالاش سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك.»

مولېنار (Moolenaar) مەكتۇپتا «ClinicalTrials.gov» نىڭ ئاشكارا ماتېرىياللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۇ دورا ياساش كارخانىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى دوختۇرخانىلارغا چېتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىلىنىكىلىق سىناقلارغا مەبلەغ ئاجراتقان ياكى قاتناشقان. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاراشلىق دوختۇرخانىلار قاتناشقان نۇرغۇن تەتقىقاتلارمۇ بار.»

كومىتېت ئايرىم-ئايرىم يېزىلغان مەكتۇپلاردا مۇنداق دېدى: «مېرك (Merck) شىركىتى 2005-يىلىدىن بۇيان خىتايدا 224 تۈرلۈك كىلىنىكىلىق تەتقىقاتقا مەبلەغ ئاجراتقان ياكى قاتناشقان. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئاز دېگەندىمۇ 31 تۈرلۈك سىناق، شۇنداقلا خىتاي ئارمىيەسىگە قاراشلىق داۋالاش مەركەزلىرى ۋە دوختۇرخانىلاردا ئېلىپ بېرىلغان 40 تۈرلۈك سىناق بار. فايزېر (Pfizer) شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى دوختۇرخانىلارغا چېتىلىدىغان ئاز دېگەندە ئالتە تۈرلۈك كىلىنىكىلىق سىناققا مەبلەغ ئاجراتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم سىناقلار ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا، شۇنداقلا خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەربىي داۋالاش مەركەزلىرى ۋە دوختۇرخانىلارغا چېتىلىدىغان ئاز دېگەندە 43 تۈرلۈك كىلىنىكىلىق سىناققىمۇ مەبلەغ ئاجراتقان. ئابۋى (AbbVie) شىركىتى بولسا 2015-يىلىدىن 2025-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستاندىكى دوختۇرخانىلارغا چېتىلىدىغان ئاز دېگەندە 17 تۈرلۈك كىلىنىكىلىق سىناققا قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن سىناقلار يەنىلا داۋاملاشماقتا، شۇنداقلا بۇ شىركەت يەنە خىتاي ھەربىي داۋالاش مەركەزلىرى ۋە دوختۇرخانىلىرىغا چېتىلىدىغان ئاز دېگەندە 16 تۈرلۈك كىلىنىكىلىق سىناققىمۇ قاتناشقان.

كومىتېت شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتتىكى، شەرقىي تۈركىستان — بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا، شۇنداقلا باشقا مىللىي ۋە دىنىي ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان يادرولۇق رايوندۇر. خىتاي تەتقىقاتچىلىرىمۇ كىلىنىكىلىق سىناقلاردا سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ قوشۇلۇشنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇتلۇقىنى خاتىرىلىگەن.

مولېنار مەكتۇپتا مۇنداق دەپ يازدى: «بۇ ۋە باشقا تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئامېرىكا كارخانىلىرى خىتايدا كىلىنىكىلىق سىناقلارنى قانات يايدۇرغاندا، تېگىشلىك تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى زۆرۈر. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىناقلىرىنىڭ ‹كىلىنىكىلىق سىناقلارنىڭ نورمال ئۆلچەملىرى› گە ئۇيغۇن بولۇشىغا، شۇنداقلا سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىيالمىغان بىر تۈزۈلمىدىن پايدا ئالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.»

مەكتۇپتا يەنە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان: 2021-يىلى كۈچكە ئىگە بولغان «ئۇيغۇرلارنى مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» گەرچە ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇريي ئەمگەكتىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن تېگىشلىك تەكشۈرۈش (بۇرچىنى ئادا قىلىش) پرىنسىپى كارخانىلارنىڭ شۇ جايدا كەسپلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغىمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلىنىدۇ.

مەكتۇپتا مۇنداق يېزىلغان: «گەرچە كىلىنىكىلىق سىناق ئەمەلىي تاۋارلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىگە كىرمىسىمۇ، ئەمما ئۇ دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش جەريانىدىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا، يەنى بىر ‹بىلىم تەمىنلەش زەنجىرى› دۇر. كىلىنىكىلىق سىناققا قاتناشقان ئىنسان سىناق ئوبيېكتلىرى دەل بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق سېلىنما ئامىلدۇر».

كومىتېت يەنە شۇنى كۆرسەتتىكى، خىتاي نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى ئىسلاھات، ھۆكۈمەت ياردەم پۇلى، شۇنداقلا «ئەڭ ياخشى ئەھۋالدىمۇ گۇمان قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي ئۇسۇللار» ئارقىلىق دۇنيا بويىچە دەسلەپكى مەزگىللىك ئادەم تېنىدىكى دورا سىنىقىنى قانات يايدۇرۇش تەننەرخى ئەڭ تۆۋەن، سۈرئىتى ئەڭ تېز دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇڭا ئامېرىكا كارخانىلىرى خىتايدا كىلىنىكىلىق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەخلاق ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى خەۋپ-خەتىرىنى تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن باھالىشى كېرەك.

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى بىيوتېخنىكا رىقابىتى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئامېرىكا دورا ياساش كارخانىلىرىنىڭ خىتايدىكى كەسپلىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ كىلىنىكىلىق سىناق سانى ئامېرىكادىن ئېشىپ كەتتى. بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2024-يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكانىڭ دۇنياۋى دەسلەپكى مەزگىللىك دورا ئېچىش تۈرلىرىدە ئىگىلىگەن ئۈلۈشى 2015-يىلىدىكى 48% تىن تۆۋەنلەپ تەخمىنەن 37% كە چۈشۈپ قالغان. خىتايىنىڭكى بولسا 8% تىن ئۆرلەپ 32% تىن ئېشىپ كەتكەن.

كومىتېت مەكتۇپتا مەسلىھەتچىلىك شىركىتى ماككىنسېينىڭ (McKinsey) بۇ يىل 1-ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «خىتايدىكى كىلىنىكىلىق سىناق مەركەزلىرىنىڭ تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش سۈرئىتى ئامېرىكادىن ئىككى ھەسسىدىن بەش ھەسسىگىچە تېز.»

فايزېر (Pfizer) شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئالبېرت بۇرلا (Albert Bourla) غا يېزىلغان خەتتە، مۇللىنار مۇنداق بىلدۈردى: «نۆۋەتتە فايزېر شىركىتىنىڭ ھەرقانداق بىر قانۇنسىز پائالىيەت ياكى ناتوغرا قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسەتىدىغان دەلىل-ئىسپات يوق. ئەمما كومىتېت

يەنىلا شىركەتنىڭ خىتايدا كىلىنىكىلىق سىناقنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېگىلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

مۇلىنار مۇنداق دېدى: «گەرچە نۆۋەتتە فايزېر شىركىتىنىڭ قانۇنسىز پائالىيەت ياكى ناتوغرا قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل-ئىسپات بولمىسىمۇ، ئەمما خىتايدا، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ۋە خىتاي ھەربىي دوختۇرخانىلىرىدا كىلىنىكىلىق سىناق قانات يايدۇرۇش ئامېرىكا كارخانىلىرىنى ئەخلاق ۋە بىخەتەرلىك خەۋپ-خەتىرىگە دۇچار قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم خەۋپ-خەتەرلەرنى ھەتتا ئەڭ قاتتىق بولغان تېگىشلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىقمۇ تولۇق ھەل قىلغىلى بولماسلىقى مۇمكىن.»

مۇلىنار يەنە مۇنداق بىلدۈردى: «فايزېر شىركىتىنىڭ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ دوختۇرخانىلىرىدا كىلىنىكىلىق سىناق قانات يايدۇرۇشى — بۇ سىناقلاردىن ھاسىل بولغان سانلىق مەلۇماتلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەربىي بىيوتېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، سىناق قىلىش ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا قانداق كۈچ قوشۇشى مۇمكىن دېگەن زور گۇماننى پەيدا قىلدى.»

بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش، شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ بىيوتېخنىكا ھەمكارلىقىنى چەكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ يېڭى تەدبىرىدۇر. مۇلىنار نۆۋەتتە «بىيوتېخنىكا سېلىنمىسى دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇن لايىھەسى» (Biotech Investment National Security Act) نى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان بولۇپ، بىيوتېخنىكىنى ئامېرىكانىڭ خىتايغا سالغان مەبلەغلىرىنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى بويىچە تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى پىلانلىماقتا، ھەمدە خىتايغا چېتىلىدىغان ئامېرىكا بىيوتېخنىكا ئىجازەت سودىسى، بىرلەشمە كارخانا ۋە پاي ھوقۇقى سېلىنمىسىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت مەجلىسى ئۆتكەن يىلى «بىيولوگىيەلىك بىخەتەرلىك قانۇن لايىھەسى»نى (BIOSECURE Act) ماقۇللىغان بولۇپ، فېدېراتسىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن خىتاي بىيوتېخنىكا كارخانىلىرى بىلەن كەسىپ ئالاقىسى قىلىشىنى چەكلىگەن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.voachinese.com/a/house-committee-sends-letters-to-five-global-drugmakers-in-probe-of-clinical-trials-in-china-20260630/8166493.html




# خىتاي تىرامپ-شى باشلىقلار ئۇچرىشىشى ھارپىسىدا ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەتتە ئىقتىسادىي بېسىم ۋاسىتىلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ

# تىرامپ ـ شى باشلىقلار ئۇچرىشىشى ھارپىسىدا ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەتتە ئىقتىسادىي بېسىم ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ

(ئىقتىساد ۋاقىت گېزىتى)

ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە ئامېرىكا پىرېزىدېنتى دونالد تىرامپ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، شۇ قېتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشىغا «10 دىن 12 نومۇر» (ئىنتايىن ئەلا) دەپ باھا بەرگەن ئىدى. ئاق ساراي بولسا خىتاينىڭ سەيرەك توپىا ئېكسپورت قىلىشنى كونترول قىلىش سىياسىتىنى «ئۈنۈملۈك ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى» ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرىگە قاراتقان قايتۇرما زەربە بېرىشنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

ئەمما بېيجىڭ تەرەپ ئىران ئۇرۇشى مەسىلىسىدە تىرامپنى ئوچۇق تەنقىد قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ئىككى رەھبەر ئوتتۇرىسىدا ئاكتىپ ئۇچرىشىشنىڭ بولۇشىنى خالايدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋاشىنگتونغا قاراتقان ئىقتىسادىي بېسىم مېخانىزملىرىنى تېزلىكتە كېڭەيتىشكە باشلىدى.

خىتاي ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردىن بۇيان، تەمىنات زەنجىرىنى خىتايدىن باشقا يەرلەرگە يۆتكىگەن چەتئەل كارخانىلىرىنى جازالاش ھەققىدە قانۇن چىقاردى، سەيرەك توپىغا ئىجازەت بېرىش تۈزۈمىنى چىڭىتتى، دۆلەت مەبلىغىدىكى سانلىق مەلۇمات مەركەزلىرىنىڭ چەتئەلنىڭ سۈنئىي ئىدراك (AI) ئۆزەكلىرىنى ئىشلىتىشىنى مەنئى قىلدى. خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ تور بىخەتەرلىك يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىتىشىنى چەكلىدى. خىتاي شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامېرىكاغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسى ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جابدۇقلىرىغا چەكلىمە قويۇشنى پىلانلىماقتا.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ خىل ئەندىزە ئادەتتىكى ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك ئۆزئارا زەربە بېرىشتىن ھالقىغان بىر تۈرلۈك ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خىتاي 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان شى جىنپىڭ بىلەن دونالد تىرامپنىڭ باشلىقلار ئۇچرىشىشى ھارپىسىدا، مەزكۇر سودا سۆھبىتىدىن پايدىلىنىپ، يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئاساسەن دېگۈدەك ۋاشىنگتوننىڭلا ھوقۇق دائىرىسىدە بولۇپ كەلگەن بىر قاتار ئىقتىسادىي تەسىر كۆرسىتىش قوراللىرىنى تۈزۈپ چىقماقتا.

بېيجىڭدىكى «Trivium China» مەسلىھەتچىلىك شىركىتىنىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسىي ئانالىزچىسى جوۋ مازۇر مۇنداق دېدى: «خىتاي تەرەپ تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك، تېخىمۇ كەڭ يىلتىز تارتقان بىر سۈكۈتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما بۇ پۈتۈنلەي <ئەگەر تىنچلىقنى خالىساڭ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىل> دېگەن لوگىكىغا ماس كېلىدۇ.»

ئانالىزچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، 2026-يىلى نويابىردا مۆھلەتتى توشىدىغان بۇ سۈكۈت قىسمەن جەھەتتىن بېيجىڭنىڭ ئۆتكەن يىلى ئامېرىكاغا سېتىلىدىغان سەيرەك تۇپا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش تەھدىتى ئارقىلىق قولغا كەلگەن. بۇ چەكلىمىلەر بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىلا ئامېرىكانىڭ ئاپتوموبىل تەمىنات زەنجىرىدە قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان بولۇپ، تىرامپنىڭ جەنۇبىي كورىيەنىڭ بۇسان شەھىرىدىكى ئۇچرىشىشتا شى جىنپىڭ بىلەن سۆھبەت ئۈستىلىگە ئولتۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىغان بىر قاتار يوشۇرۇن قايتۇرما زەربە بېرىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ تەدبىرلەر ئىشلەپچىقىرىشنى خىتايدىن چەتئەلگە يۆتكىگەن كارخانىلارغا قارشى تۇرۇش، ياكى خىتاينىڭ خام ئەشيا ئىمپورتىغا قارىتا قوللىنىلغان تەدبىرلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىشى مۇمكىن.

4-ئايدا، خىتاي زۇڭلىسى لى چياڭ خىتايدا ئۆز تۈرى بويىچە تۇنجى بولغان ئىككى تۈرلۈك نىزامغا ئىمزا قويىدى. بۇ نىزاملار دائىرىلەرگە خىتاينىڭ سانائەت ۋە تەمىنات زەنجىرىنى كەمسىتىش بىلەن ئەيىبلەنگەن چەتئەل شىركەتلىرى، ھۆكۈمەتلىرى ۋە شەخسلىرىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا بېيجىڭ «ئادالەتسىز چېگرا سىرتى باشقۇرۇش ھوقۇقى» دەپ ئاتىغان خىتاي گەۋدىلىرىگە قارىتىلغان تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە كەڭ دائىرىلىك يېڭى ھوقۇقلارنى بەردى. دائىرىلەر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ كىرىشىنى رەت قىلىشى، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشى ۋە مال-مۈلكىنى توڭلىتىپ قويۇشى (مۇسادىرە قىلىشى) مۇمكىن.

ئىران توقۇنۇشى خىتاينىڭ يېڭى ئىقتىسادىي تەدبىرلەرگە بولغان دىققىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈردى. بولۇپمۇ ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى سكوت بېسسېنت 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىراننىڭ نېفىت ئېكسپورتىنى سېتىۋالغۇچىلارنى جازالاش بىلەن تەھدىت سالغاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلەندى. (خىتاي ئىران نېفىت ئېكسپورتىنىڭ 80%نى سېتىۋالىدۇ.)

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا (CCTV) قاراشلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتى «يۈيۈەن تەن تيەن» (Yuyuan Tantian) مەزكۇر يېڭى نىزاملارنى ئېنىق ھالدا قانۇنىي قايتۇرما زەربە بېرىش تەدبىرلىرى دەپ تەسۋىرلىدى. ئۇ بېسسېنتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئىككى كۈن كېيىن مۇنداق دەپ

يازدى: «ئۆتمۈشتە بىزنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىش تەدبىرلىرىمىز ئاساسەن سودا ساھەسىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى خەلقئارالىق سۈركىلىشلەر ھەر تەرەپلىمە خاراكتېردە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ قورالللار ئەمدىلىكتە يېتەرلىك ئەمەس».

ختايدىكى ئامېرىكا سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مايكول خارت تەمىنات زەنجىرى ۋە چېگرا سىرتىدىكى ئارىلىششقا ئائىت بەلگىلىمىلەرنىڭ كارخانىلارنىڭ پىكىر قايتۇرۇش پۇرسىتى بولمىغان ئەھۋالدا دەرھال كۈچكە ئىگە قىلىنغانلىقىنى بىلدۇردى.

خارت مۇنداق دېدى: «كارخانىلار نۆۋەتتە بىر خىل تەڭپۇڭسىزلىقتا دۇچ كەلمەكتە: ختاي چەتئەل شىركەتلىرىدىن مال سېتىۋېلىشنى ئازايتسا ئۆزىگە ھېچقانداق سەلبىي ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئەمما بىر چەتئەل شىركىتى ختايغا بولغان بېقىندىلىقىنى ئازايتماقچى بولسا، تەكشۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.»

ختاي سودا مىنىستىرلىقى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ ھەقتىكى باھا بېرىش تەلىپىگە دەرھال جاۋاب قايتۇرمىدى.

### تۈگۈن نۇقتىلاردىكى تىركىشىش

ۋاشىڭتونمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بېسىم ئىشلىتىشنى باشلىغان بولۇپ، 3-ئايدا ختاينىڭ ئېشىپ كەتكەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قىلمىشلىرى ئۈستىدىن سودا تەكشۈرۈشى قوزغىدى. بۇنىڭغا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە قويۇلغان ئېكسپورت چەكلىمىسى قوشۇلۇپ، ختاينىڭ ئەڭ ئىلغار ئۆزەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاستىلاتتى.

ئىقتىسادشۇناس ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ (Economist Intelligence Unit) سانائەت سىياستى ئانالىزچىسى چىم لى: «ختاي ئېكسپورت چەكلىمىسى سەۋەبلىك دۇنيادىكى بىر قىسىم ئەڭ ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش جابدۇقلىرىغا ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى» دېدى.

ئۆزئارا تەسىر كۈچى تالىشىش رىقابىتى يەنە ختاينىڭ نەچچە ئون مىليارد دوللار قىممىتىدىكى بوئىن ئايروپىلانلىرىنى سېتىۋېلىش سودىسىنىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. سۆھبەتتىن خەۋەردار ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە شىركەت مەسئۇللىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بېيجىڭ ئايروپىلان ۋە زاپچاسلارنى سېتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋاشىڭتون رېئاكتىپ ماتورلارنى ياساش ئۈچۈن ختايدىن سەيرەك تۇپا تەلەپ

قىلغان.

بېيجىڭ ئامېرىكانىڭ بۇ قەدەملىرىگە باشقۇرۇش-نازارەت قىلىش سالماقلىقىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئارقىلىق تاقابىل تۇردى. 2025-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، خىتاي ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قوشقاندا كەم دېگەندە 50% دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن جابدۇقلارنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ بەزى تور بىخەتەرلىك يۇمشاق دېتاللىرىنى چەكلىدى. شۇنداقلا دۆلەت مەبلىغىدىكى سانلىق مەلۇمات مەركەزلىرىگە چەتئەلنىڭ سۈنئىي ئىدراك ئۆزەكلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇ تەدبىرلەر دۆلەت ئىچىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى بېسىشنى مەجبۇري ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، ئامېرىكا تەمىنلىگۈچىلىرىنى خىتاي بازىرىدىن سىقىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان.

خىتايدىكى ياۋروپا سودا ئۇيۇشمىسى 4-ئايدىكى خىتاينىڭ ئېكسپورت چەكلىمىسى ھەققىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق يازدى: «خىتاينىڭ چېگرا سىرتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېكسپورت چەكلىملىرىنى قوللىنىشى دۇنياۋى تەمىنات زەنجىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە پالەچ قىلىپ، ھەم ئىقتىسادىي، ھەم غەيرى ئىقتىسادىي زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.»

ئامېرىكا خىتاينىڭ يادرولۇق قېزىلما بايلىقلىرىغا بولغان بېقىندىلىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن قەدەم بېسىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي يېڭى «بوغۇز نۇقتىلارنى» (تۈگۈنلەرنى) ئېنىقلاش ئۈچۈن جىددىي تىرىشماقتا. ئەمەلدارلار ئاللىبۇرۇن قۇياش ئېنېرگىيىسى تاختىسى جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش ھەققىدە دەسلەپكى سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى.

«Trivium China» شىركىتىدە ئىشلەيدىغان مازۇر مۇنداق دېدى: «خىتاي تەرەپ بۇ تۈگۈن نۇقتىلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بېكىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇلار قايسى چارىنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى سىناپ كۆرۈشتىن توختىمايدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ئۈ. ئالماس تەرجىمىسى

https://economictimes.indiatimes.com/news/international/global-trends/china-expands-economic-pressure-tactics-amid-trade-truce-with-trump/articleshow/130542375.cms?from=mdr#google_vignette



# بۇ كۆچمەن مىلياردېر «قىيامەت كۈنى» يادرو ئايروپىلانلىرىنى ياساش ھوقۇقىنى قانداق قولغا كەلتۈردى؟

مونىكا خانتېر-خارت، ۋىللىيام بالدۋىن

# بۇ كۆچمەن مىلياردېر بويىك شىركىتىنى يېڭىپ، ئامېرىكانىڭ كېيىنكى ئەۋلاد «قىيامەت كۈنى» يادرو ئايروپىلانلىرىنى ياساش ھوقۇقىنى قانداق قولغا كەلتۈردى؟

مونىكا خانتېر-خارت، ۋىللىيام بالدۋىن

ئەرەن ئۆزمەننىڭ (Eren Ozmen) سېيېررا نېۋادا شىركىتى (Sierra Nevada Corp.) كېيىنكى ئەۋلاد يادرو ئۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالايدىغان «قىيامەت كۈنى» ئايروپىلانلىرىنى ياساشقا ئائىت 13 مىليارد دوللارلىق توختامنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەچچە يىل تىرىشتى. ھازىر بۇ مىلياردېرنىڭ ئىناۋىتى ۋە شىركىتىنىڭ مالىيە ئەھۋالى ئۇنىڭ ئالەم قاتنىشى ساھەسىدىكى ئەڭ قىيىن ۋەزىپىنى، يەنى مۇرەككەپ، ئالاھىدە مەخپىي بولغان ھۆكۈمەت تۈرىنى قەرەلىدە، شۇنداقلا بېكىتىلگەن خامچوت ئىچىدە تاماملىيالىشى ياكى تاماملىيالماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى.

ئۆزمەن 1994-يىلى ئېرى فاتىھ بىلەن بىرلىكتە سېتىۋالغان بۇ ئالەم قاتنىشى مۇداپىئە شىركىتىنىڭ ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد «قىيامەت كۈنى» ئايروپىلانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتىكى بۇ ئالىي دەرىجىلىك توختامنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن جەزملەشتۈرگەندى. بۇلار يادرو ئۇرۇشى ياكى كىچىك سەييارىلەر يەر شارىغا سوقۇلۇپ كېتىش قاتارلىق باشقا ئاپەتلەر يۈز بەرگەن ئەھۋالدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋە سىياسىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەييارلانغان مۇستەھكەملەنگەن ھاۋا قوماندانلىق ئورنىدۇر.

راست دېگەندەكلا سېيېررا نېۋادا شىركىتى (SNC) 22 كۈندىن كېيىن، يەنى 26-ئاپرېل بۇ سودىنى قولغا كەلتۈردى.

مۇددىتى 12 يىللىق بۇ توختامنىڭ قىممىتى 13 مىليارد 100 مىليون دوللار بولۇپ، ئۆتكەن يىللىق كىرىمى پەقەت 2 مىليارد دوللارلا بولغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى SNC ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر زور بۆرۈلۈش نۇقتىسىدۇر. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان، نېۋادا شتاتىنىڭ رېنو شەھىرى سىرتىدىكى سپاركىسقا جايلاشقان بۇ شىركەت ئالەم قاتنىشى مۇداپىئە سانائىتىنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، لوكخىد مارتىن (Lockheed Martin، كىرىمى: 67 مىليارد 600 مىليون دوللار) ۋە نورسروپ گرۇمان (Northrop Grumman، كىرىمى: 39 مىليارد 300 مىليون دوللار) قاتارلىق بۇ ساھەدىكى بەش چوڭ ماگناتتىن ناھايىتى يىراقتا ئىدى. سېتىش كىرىمى 77 مىليارد 800 مىليون

دوللارغا يېتىدىغان، كۆلىمى SNC نىڭكىدىن 40 ھەسسىگە يېقىن چوڭ بولغان بويىڭ شىركىتى بۇ توختامنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىدۇ دەپ قارالغان ئىدى. چۈنكى بويىڭ شىركىتى 1970 ـ يىللاردا نۆۋەتتىكى تۆت دانە E ـ 4B، يەنى «قىيامەت كۈنى» ئايروپىلانىنى لايىھەلىگەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بويىڭ شىركىتى بۇ ئايروپىلانلارنى ئاسراش توختاملىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ قىممىتى يىلىغا تەخمىنەن 150 مىليون دوللارغا يېتەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ تۆت ماتورلۇق 747 ـ 8 تىپلىق چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلىرى كېيىنكى ئەۋلاد ئايروپىلانلارنى ياساشتىكى ئەڭ ياخشى مودېل دەپ قارىلاتتى. توختامنى كىم قولغا كەلتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، سەككىزگە قەدەر كونا بويىڭ ئايروپىلانىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، SNC نىڭ غەلىبە قىلىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

بۇ غەلىبىسى ئارقىلىق SNC نى مەملىكەت بويىچە ئاياللار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئەڭ چوڭ مۇداپىئە ھۆددىگەرلىك شىركىتىگە ئايلاندۇرغان ئۆزمەن مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل بىلەن خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ، كارخانىچى بولۇشنىڭ مۇھىم قىسمى. ئۇنداق بولمايدىكەن، سىز پەقەت يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئەگىشىپلا ماڭىسىز — يېتەكچىلىك قىلالمايسىز.»

«قىيامەت كۈنى» تۈرى دەپ ئاتالغان «ھايات قېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھاۋا ھەرىكىتى مەركىزى» (Survivable Airborne Operations Center) توختامى تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى غايەت زور خىرىسلارغا تولغان. ئۆزمەن ئەر ـ ئايال ئۇنى بويىڭ شىركىتىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن، تۈرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى مۇقىم باھادا ئورۇنداشقا قوشۇلۇشى، شۇنداقلا ئېشىپ كەتكەن تەننەرخنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھالەت ئىرادىسى كۈچلۈك بۇ شىركەت ئۈچۈن قىيىنغا توختىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىلگىرى دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر بەلگىلىمە، بويىڭ شىركىتىنىڭ كۆپ قېتىم كېچىكتۈرۈلگەن كېيىنكى ئەۋلاد «ھاۋا ئارمىيەسى 1 ـ نومۇر» (Air Force One) ناملىق پرېزىدېنت مەخسۇس ئايروپىلانى تۈرىدە 2 مىليارد دوللار زىيان تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. بىر ياخشى يېرى شۇكى، ئۇ توختامغا ئوخشىمايدىغىنى، SNC نىڭ مۇقىم باھا قۇرۇلمىسى پەقەت ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ، شىركەتنىڭ تېخىمۇ ئېنىقسىز بولغان لايىھەلەش باسقۇچىدىكى كۈتۈلمىگەن تەننەرخلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۆزمەن مۇنداق دەيدۇ: « ‹ئەسلىدىكى ھۆددىگەر› (يەنى بويىڭ شىركىتى) يېڭىلىق يارىتىشقا، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشكە ياكى قەرەلىنى قىسقارتىشقا ئۇنچە قىزىقمىدى. بىز ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان يېڭىلىق ياراتقۇچى سۈپىتىدە تونۇلۇۋاتىمىز. مېنىڭچە، بىزگە بۇ سودا پۇرسىتىنى ئاتا قىلغىنى دەل مۇشۇ تەرىپىمىزدۇر.»

«قىيامەت كۈنى» تۈرى ھەر ئىككىلىسى 66 ياشقا كىرگەن، SNC نىڭ 87% پېيىغا ئىگە بولغان، ئومۇمىي بايلىقى 7 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يېتىدىغان ئۆزمەن ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قالدۇرىدىغان مىراسىنى بەلگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەڭ ياخشى بولغاندا، بۇ تۈر ئۇلارنىڭ ئالەم قاتنىشى ساھەسىدىكى ئاساسلىق كۈچلەر قاتارىغا ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ يامان بولغاندا، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى نەچچە يىل كەينىگە سۈرۈۋېتىدىغان قىممەت بەدەللىك ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

يۇقۇمدىن سەل بۇرۇن، باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئىستراتېگىيە ۋە تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان فاتىھ ئادەتتە «بىرىنچى قاتلام» دىكى ئالەم قاتنىشى مۇداپىئە شىركەتلىرىگە بېرىلىدىغان تۈرلەرنى تالىشىدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ قارىدى. فاتىھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىجرائىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرگە بەش يىل ئىچىدە SNC نىڭ كۆلىمىنى قانداق قىلغاندا بىر ھەسسە كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش تەلىپىنى قويدۇم.» كوماندا نەزىرىنى «قىيامەت كۈنى» تۇختامىغا قاراتتى. ئۆزمەن ئەر-ئايال 2020-يىلىنىڭ بېشىدا ھاۋا ئارمىيەسى بىلەن بۇ تۈر ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى، ئاندىن مەبلەغ سېلىشقا كىرىشتى ۋە ئىنتايىن كۆپ مەبلەغ سالدى. ئۇلار سۈنئىي ئىدراك ۋە رەقەملىك مودېللاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، SNC نىڭ رەقەملىك ئۇل ئەسلىھەلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن 175 مىليون دوللار خەجلىدى (بۇ سان يەنىلا ئاشماقتا.) ئاندىن تۇختامنى قولغا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار 100 مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ ئوخايو شتاتىنىڭ دەيتون (Dayton) شەھىرىدىكى بىر ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا يېقىن جايدا 747 تىپلىق ئايروپىلان سىغقۇدەك چوڭلۇقتا بىر ئايروپىلان ئىسكىلاتى قۇردى. ئامىمۇي پايچىكلارغا جاۋاب بېرىش مەجبۇرىيىتى بولماسلىق ھەقىقەتەن ياخشى ئىش.

## قانداق مەبلەغ سېلىش كېرەك

قورال-ياراغ ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن خىجىل بولامدۇ؟ ئۇلار بەلكىم تېخىمۇ ئاقكۆڭۈلدەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قايتىدىن نام بېرىدۇ، ئەمما يەنىلا ئانچە كۆپ ئالقىشقا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پېيىنىڭ باھاسى مۇۋاپىق. ھازىر ئۆزىنى RTX دەپ ئاتاۋاتقان رايسېئون (Raytheon) شىركىتى ئالەم قاتنىشى دەۋرىدىكى جەڭ ئۈسكۈنىلىرىنى، شۇنداقلا سودا بازىرى ئۈچۈن رېئاكتىپ ماتور ۋە ئايروپىلان كابىنكىسى ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇنىڭ 158 مىليارد دوللارلىق بازار قىممىتى مۆلچەرلەنگەن كىرىمىنىڭ 20 ھەسسىسىگە تەڭ. ئۇنىڭ ئاتلانتىك

ئوكيانىنىڭ ئۈ قېتىدىكى كەسپىدىشى تالېس (Thales) شىركىتىدۇر. بۇ ئاپپاراتنى فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە داسسائۇلت ئاۋىياتسىيەسى (Dassault Aviation) كونترول قىلىدۇ. ئەمما مۆلچەرلىنىشىچە، پايدا ئايرىمىسىنى كېمەيتىش ياكى ئامىۋى پايلارنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈش بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. تالېسنىڭ پارىژدىكى پاي چېكى سودا باھاسى مۆلچەرلەنگەن كىرىمىنىڭ 15 ھەسسىسىگە تەڭ.

ئۆزمەن ئەر-ئايالغا نىسبەتەن مۇرەككەپ ئايروپىلان ئۆزگەرتىش-قۇراشتۇرۇش ساھەسى يات ساھە ئەمەس. ھازىر ئامېرىكا پۇقراسى بولغان بۇ ئەر-ئايال تۈركىيەدە تۇغۇلغان، ئەنقەرەدە تونۇشقان ۋە رېنودىكى نېۋادا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقنى بىرلىكتە ئوقۇغان. ئەرەن ئوقۇش پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ ۋاقىتتا 20 گە يەتمەيدىغان خىزمەتچىسى بار كىچىككىنە مۇداپىئە ئاپپاراتى بولغان SNC نىڭ ئىشخانىلىرىنى تازىلاش ئارقىلىق تۆلىگەن. 1980-يىللاردا، ئۇ ۋە فاتىھ ئۇ يەردە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مالىيە دوكلاتى دىرېكتورى ۋە قۇرۇلۇش پراكتىكانتى بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن. ئۇلار شىركەتنىڭ بىر قاتار مالىيە كىرىزىسلىرىدىن تەستە قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، 1994-يىلى ئۆيىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىپ، بۇ شىركەتنى 5 مىليون دوللارغا يەتمەيدىغان باھادا سېتىۋېلىشنى قارار قىلغان.

SNC نۆۋەتتىكى ئايروپىلانلارنى يېڭى تېخنىكىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمما بۇ شىركەت ئۆزمەن ئەر-ئايال 2021-يىلى ئايرىپ چىققان ئالەم قاتنىشى شۆبە شىركىتى سىيېررا ئالەم قاتنىشى شىركىتى (Sierra Space) بىلەن تېخىمۇ داڭلىق. سىيېررا كېلەر يىلى قويۇپ بېرىلىشى پىلانلانغان ئۆزىنىڭ «ئارزۇ قوغلىغۇچى» (Dream Chaser) ناملىق ئالەم ئايروپىلانىنى تەتقىق قىلىپ ياساۋاتقان بولۇپ، جېف بېزوسنىڭ كۆك مەنبە (Blue Origin) شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھازىرغىچە ياسالغان ئەڭ قىممەت سۈنئىي جىسىم دەپ ئېتىراپ قىلىنغان 150 مىليارد دوللارلىق خەلقئارا ئالەم پونكىتى (ISS) نىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ئالەم پونكىتى قۇرۇشتەك غايەت زور ئۇلۇغۋار پىلان ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. سىيېررا ئالەم قاتنىشى شىركىتى مەبلەغ سالغۇچىلاردىن 1 مىليارد 700 مىليون دوللار مەبلەغ توپلىغان بولۇپ، ئەڭ يېڭى مەبلەغ توپلاش 2023-يىلى 9-ئايدا 5 مىليارد 300 مىليون دوللارلىق مۆلچەر قىممىتى بىلەن تاماملانغان.

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ قەرەللىك توشۇيدىغان بۇ ئايروپىلان ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان پولكوۋنىك داۋىد لېئومونت (David Leaumont) مۇنداق دەيدۇ: «تۆت دانە E-4B ‹قىيامەت كۈنى› ئايروپىلانى ‹ئۆزلۈكسىز، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ھايات قېلىش ئالاقىسى› بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. بىز بۇنى ھەر ۋاقىت ئىشلەپچىقىرىمىز، پەقەت يامان كۈنلەردىلا ئەمەس.» بۇ

ئايروپىلانلاردىكى قىرىقتىن ئارتۇق ئوخشىمايدىغان ئالاقە سىستېمىسى يادرو ھۇجۇمى يۈز بەرگەندە ئەتراپتىكى ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ئېلېكترو ماگنىتلىق ئىمپۇلسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان. 50 يىلدىن بۇيان ئۈچۈۋاتقان بۇ ئايروپىلانلارنىڭ ھەر بىر سائەتلىك مەشغۇلات تەننەرخى 140 مىڭ دوللار بولۇپ، ھەر بىرىگە 111 ئادەم سىغىدۇ. يىغىن زاللىرى ۋە جەڭ پونكىتلىرى بار، ھەممە پەقەت بىرنەچچە مىنۇتلۇق ئۇقتۇرۇش بىلەنلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلەلەيدۇ — ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش مۇددىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. SNC غا كېيىنكى ئەۋلاد ئايروپىلانلارنى 2036-يىلغىچە ئۈچۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان.

بويىڭ شىركىتى يەنىلا ئەسلىدىكى ئايروپىلاننىڭ لايىھەلەش سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئىگە. بۇ دېگەنلىك SNC ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلىشى، ئايروپىلاننىڭ بىرەر زاپچىسىنى قايتا قۇراشتۇرۇشنىڭ ئەڭ بىخەتەر ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆزىدىن چوڭ بولغان بۇ رەقىبىگە پۇل تۆلەپ مەسلىھەت سورىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كېلىشىمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۆزمەن بۇ تۆردىكى ھېچقانداق بىلىم-مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆزىدە قالدۇرماسلىققا قوشۇلدى. ئەكسىچە، ھاۋا ئارمىيەسى ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. بۇ كەلگۈسىدە سىستېمىلارنى ئاسراش ياكى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاسانلا يېڭى بىر ھۆددىگەرنى تاللىيالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل «ئوچۇق سىستېما» ئۇسۇلى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدە ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋال بولۇپ، بۇ ساھەدە شىركەتلەر ھۆكۈمەتنى نەچچە ئون يىللىق پايدىلىق ئاسراش ۋە مەسلىھەت بېرىش خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇرلاش مەقسىتىدە دائىم بىلىم-مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇۋالىدۇ.

ئۇزۇن يىللىق ئالەم قاتنىشى ئانالىزچىسى لورېن تومپسون (Loren Thompson) مۇنداق دەيدۇ: «سانائەت دەل مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان ۋە تەۋەككۈل قىلىشنى خالايدىغان يېڭى بىر رىقابەتچى بار. شۇنداقلا يېڭىدىن كەلگۈچى تەمىنلىگەن شەرتلەرگە ماسلىشىشقا توغرا كەلگەندە ئىككىلىنىپ قالىدىغان كونا بىر رىقابەتچى بار.»

بۇ SNC نىڭ تارىختىكى ئەڭ چوڭ توختامى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزمەن بۇ ئىشقا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار SNC نىڭ تۇنجى قېتىم بۇنداق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.» SNC يەنە «Lockheed» ۋە «General Electric»غا ئوخشاش تەجرىبىلىك تارماق ھۆددىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مەخپىي ۋە زاكازلىق ئايروپىلان ئۆزگەرتىش-قۇراشتۇرۇش

تۆرلىرىدە نەچچە ئون يىللىق تەجرىبىسى بار. مورنىڭستار شىركىتىدىكى ئۆۋېنس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ئىنتايىن ماس كېلىشى مۇمكىن.»

SNC ئاللىقاچان بىر قىسىم دەسلەپكى تۇر باسقۇچلۇق نىشانلىرىنى ئورۇندىدى. بۇلار دەيتونىدا كەم دېگەندە تۆت دانە 90 مىڭ كۋادرات فۇتلۇق ئايروپىلان ئىسكىلاتىنىڭ ئىككىنچىسىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە كورېيە ئاۋىياتسىيەسىدىن 675 مىليون دوللارغا سېتىۋالغان بەش دانە كونا 747-8 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ بىرىنچىسىنى يېڭى ئەسلىھەگە ئۇچۇرۇپ كېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغان تۆت ئايروپىلان يەنىلا ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان بولۇپ، مەسىلەن، سېئۇل بىلەن ئاتلانتا ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلانلاردا، بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ يادرو ئىنكاسىغا قوماندانلىق قىلىشى مۇمكىن بولغان بىر ئايروپىلانغا ئۆلتۈرگىلىقىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر يولۇچىلارنى توشۇماقتا.

ئەگەر ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولسا، SNC بۇ توختامنىڭ باشقا نۇرغۇن توختاملىرىنى، جۈملىدىن 1-ئايدا ئېلان قىلىنىدىغان، ئۆزى نورسروپ گرۇممان (Northrop Grumman) بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان دېڭىز ئارمىيەسى نۇسخىسىدىكى «قىيامەت كۈنى» ئايروپىلانى توختامىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. ئۇ ئاللىقاچان بىر قىسىم مۇھىم توختاملارنى قولغا كەلتۈردى. بۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئۈچۈن يىراق مۇساپىلىق رازۋېدكا ئايروپىلانى تەتقىق قىلىپ ياساشقا ئائىت بىر مىليارد دوللارلىق كېلىشىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نىشان 2025-يىلىغا بارغاندا كىرىمنى 4 مىليارد دوللارغا يەتكۈزۈش ۋە 2030-يىلىغا بارغاندا كۆلىمىنى ئۈچ ھەسسە كېڭەيتىشتۇر.

ئۆزمەن مۇنداق دەيدۇ: «سىز مۇشۇنداق كۆلەمدىكى بىر تۈرنى ئىجرا قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىسىڭىزلا، يەنە ئون تۈرنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز. بىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بۇرۇنقىدەك ئادەتتىكىچە بولمايدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.forbes.com/sites/monicahunter-hart/2024/10/01/how-this-immigrant-billionaire-eren-ozmen-snc-outmaneuvered-boeing-to-build-americas-next-doomsday-nuclear-planes/



# سۈنئىي ئىدراكنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە مائارىپنىڭ كەلگۈسى

# سۈنئىي ئىدراكنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە مائارىپنىڭ كەلگۈسى

سۈنئىي ئىدراك (AI) مائارىپنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەسىر يارىتىش ئالدىدا تۇرماقتا. سۈنئىي ئىدراكنىڭ تېز سۈرئەتتە قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپچىلارنىڭ ئۆزى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پۇرسەتلەر يارىتىلىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، سۈنئىي ئىدراك سىستېمىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، زور خىرىسلار ۋە خەتەرلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بىز بۇ ماقالىدە سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ مائارىپتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراكقا بولغان دۇنياۋى يۈزلىنىش**

ھەر خىل كۆلەمدىكى تەشكىلاتلار مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئۇلار ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە ۋە ئاممىۋى مەنپەئەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە، ئىجابىي نەتىجە بېرىدىغان بۇ قۇدرەتلىك قورالنى دىققەت مەركىزىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

دۆلەتلىك مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ (NEA) مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك خىزمەت گۇرۇپپىسى جەمئىيەت رەئىسى بېكى پرىنگول (Becky Pringle) تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، مەقستى يەسلىدىن تارتىپ ئالىي مائارىپقىچە بولغان جەرياندا سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى رولىنى تەكشۈرۈشتۇر. يەتتە ئاي داۋاملاشقان تەكشۈرۈش نەتىجىسى 2024-يىلى 26-ئىيۇن ئېلان قىلىندى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «بۇ تېخنىكىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يېتىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى شۇنداق بىر قاراشقا يېتەكلىدىكى، خۇددى ئىنتېرنېتكە ئوخشاش، بىخەتەر ۋە ئۈنۈملۈك بولغان سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسىدىن بەھرىمەن بولۇشنى بىر خىل زامانىۋى ئاممىۋى مۇلازىمەت سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك. شۇنداقلا ئۇ يەرلىك ياكى كېيىن كەلگەن؛ قارا، قوڭۇر ياكى ئاق تەنلىك؛ LGBTQ+ ياكى مېيىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر خىل ئىقتىسادىي ئەھۋالدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا (ئادىللىق بىلەن) تەمىنلىنىشى كېرەك».

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ (UN) ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تېخنىكا مائارىپنى ئۆزگەرتىشتىكى قۇدرەتلىك بىر كۈچتۇر. رەقەملىك ئىنقىلاب ۋە سۈنئىي ئىدراك مائارىپچىلار تەرىپىدىن پېداگوگىكىلىق جەھەتتىن ئىشلىتىلىشى، شۇنداقلا ئاكتىپ ۋە ئىنسانىي مەركەز قىلغان ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىغا، ھەمدە ئەمەلىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك».

NEA ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش، دۆلەتلىك ماتېماتىكا ۋە پەن تەشەببۇسىمۇ (NMSI) مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ھالقىلىق ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. شۇ سەۋەبلىك بىز مائارىپچىلارنى سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنى مائارىپتا قوللىنىشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بۇ مەزمۇنلارنى تەييارلىدۇق.

### سۈنئىي ئىدراك ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە

سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق توختىلىشتىن بۇرۇن، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك سۈنئىي ئىدراك تۈرلىرىگە ئېنىقلىما بېرىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭدىن باشقا، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ۋە مائارىپ مەنزىرىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ سىڭىپ كىرىۋاتقان يېڭى سۈنئىي ئىدراك مودېللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئىللىنوئىس ئۇنىۋېرسىتېتى چىكاگو شۆبىسىنىڭ بايان قىلىشىچە: «سۈنئىي ئىدراك — كومپيۇتېر ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەلەپ قىلىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئىقتىدارىغا ئىگە ماشىنىلارنى يارىتىشنى نىشان قىلىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەر ماشىنا ئۆگىنىمى، تەبئىي تىلنى چۈشىنىش، ئەندىزىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە قارار چىقىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

سۈنئىي ئىدراك سىستېمىلىرى ئەندىزىلەرنى بىكىتەلەيدۇ، تەبئىي تىلنى چۈشىنىدۇ، مەزمۇن يارىتالايدۇ، ئالدىن پەرەزلەرنى قىلالايدۇ، تەۋسىيەلەرنى بېرەلەيدۇ، قارار چىقىرىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ، ھەمدە يېڭى ئۇچۇرلارغا ماسلىشالايدۇ. ئىجادكار (گېنېراتىپلىق) سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسىنىڭ تۇيۇقسىز شىددەت بىلەن كۆپىيىشى سۈنئىي ئىدراك تېمىسىنى كۈنتەرتىپنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى ۋە كۈندىلىك تىلىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ، سۈنئىي ئىدراك

سىستېمىسى بىز ئۆرگىنىلىرىمىز ھېس قىلغاندىنمۇ ئۆزۈن ۋاقىتتىن بېرى «ئىنكاس خاراكتېرلىك» ۋە «ئالدىن مەلۇمات بېرىش خاراكتېرلىك» سۈنئىي ئىدراك سۈپىتىدە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بىر قانچە مىسالى تۆۋەندىكىچە:

سىز سىرى (Siri) ياكى ئالېكسادىن (Alexa) بىرەر جاۋاب تېپىشنى ياكى مۇزىكا قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەر بىر ۋاقىتتا، ئارقا پىلاندا سۈنئىي ئىدراك ئىشلەۋاتقان بولىدۇ.

سىز ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى كۆرۈۋاتقان ھەر قانداق ۋاقىتتا، سۈنئىي ئىدراك سىزگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولىدۇ.

ئائىلە ئەزالىرىڭىز توردا سىزگە تونۇلغان كۆن سوۋغىسى ئىزدەۋاتقان بولسا، ئۆز ئۇسكۇنىلىرىڭىزدە شۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلانىنى كۆرۈشكە باشلىسىڭىز، بۇنىڭغا سۈنئىي ئىدراك مەسئۇلدۇر.

ئەگەر سىز ئىشلىتىۋاتقان ئېلخەت مۇلازىمېتى ئەخلەت خەتلەرنى، ئەخلەت بولۇش ئېھتىماللىقى بار خەتلەرنى ۋە نورمال خەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن تۈرگە ئايرىپ بېرەلىسە، بۇنىڭ ئۈچۈن سۈنئىي ئىدراكقا تەشەككۈر ئېيتسىڭىز بولىدۇ.

گەرچە بۇلار يۈزەكى، قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر، يوشۇرۇن كۈچى بولسا تېخىمۇ غايەت زوردۇ. بولۇپمۇ مائارىپچىلار ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە مەۋجۇت بولغان سۈنئىي ئىدراك قوراللىرى ئادەتتە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ بىرى بويىچە ئىشلەيدۇ:

ئىنكاس خاراكتېرلىك سۈنئىي ئىدراك قوراللىرى: ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەردىن ئۆگەنمەستىن، پەقەت كونكرېت كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇر ياكى ئەھۋاللارغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالېكسا (Alexa) ۋە سىرى (Siri) قاتارلىق سۈنئىي ئىدراك ياردەمچىلىرى ياكى رۇمبا (Roomba) چاڭ-توزان سۈمۈرگۈچكە ئوخشاش ئائىلە سايمانلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئالدىن پەرەز قىلىش خاراكتېرلىك سۈنئىي ئىدراك قوراللىرى: ئۆتمۈشتىكى سانلىق مەلۇماتلار ۋە تەجرىبىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، كەلگۈسىدىكى ۋەقە ياكى ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنى مۆلچەرلەيدۇ. مەسىلەن، ئامازون (Amazon) ياكى نەتفلىكس (Netflix) سىزگە تەۋسىيە قىلىنغان مەھسۇلات ياكى فىلىملەرنى كۆرسەتكەندە، ئەنە شۇ تېخنىكىدىن پايدىلىنىدۇ.

ئىجادكار (گېنېراتىپلىق) سۈنئىي ئىدراك قوراللىرى: مەۋجۇت سانلىق مەلۇمات ئەندىزىسى ۋە

قۇرۇلمىلىرىغا ئاساسەن، يېڭى تېكىست، رەسىم، سىن ياكى باشقا مەزمۇنلارنى يارىتالايدۇ. ChatGPT، Gemini ۋە Stable Diffusion قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

## مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ 12 ئاساسلىق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى

سۈنئىي ئىدراك بارغانسېرى كۆپ ساھەلەردە ئۆز ئومۇملىشىۋاتقان بىر پەيتتە نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە مائارىپچىلارنىڭ سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە مائارىپ سۈپىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە يوللۇق ئەندىشىلىرى بارلىقىنى تونۇپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىم.

مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى تۆۋەندە كۆرسىتىلدى. بىز بۇ تىزىملىكتىن كېيىن، كەمچىلىكلەر تەرەپتىكى «كۆچۈرمىكەشلىك» (مۇغەمبەرلىك قىلىش) يوشۇرۇن خەۋپى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئارتۇقچىلىقلار تەرەپتىكى «خاسلاشتۇرۇلغان ئۆگىنىش»نىڭ ئەھمىيىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر نەزەر سالىمىز.

ئارتۇقچىلىقلىرى:

خاسلاشتۇرۇلغان ئۆگىنىش: ئوقۇغۇچىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەڭشەلگەن مائارىپ پىلانى.

دەل ۋاقتىدا پىكىر قايتۇرۇش: ئۆگىنىش جەريانىدا دەرھال تۈزىتىش ۋە يېتەكلەش پۇرسىتى.

يوشۇرۇن تەننەرخنى تېجەش: خىزمەتچى كۈچى تەننەرخنى ئازايتىش ئىمكانىيىتى.

قولايلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش: بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇش.

ئۈنۈمدارلىق ۋە ئاپتوماتلاشقان جەريانلار: مائارىپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تېزلىتىش.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېپادىسىنى تەھلىل قىلىش: ئوقۇش نەتىجىسى ۋە تەرەققىياتىنى سىستېمىلىق كۆزىتىش.

**كەمچىلىكلىرى:**

كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش ئېهتىماللىقى

بىر تەرەپلىمىلىك ۋە خاتالىقلار

تېخنىكىلىق مەسىلىلەر

خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش (خىزمەتچى كۈچىنىڭ ئورنىنى ئېلىۋېلىش)

شەخسىي مەخپىيەتلىك ئەندىشىلىرى

يولغا قويۇش تەننەرخى

**ماتارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك ئارتۇقچىلىقى: خاسلاشتۇرۇلغان ئۆگىنىش**

ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەسلىك مەسىلىسى داۋاملىشىۋاتقان ۋە ۋەزىپىدىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار چارچاپ كەتكەن بىر پەيتتە، ئالدىن پەرەز قىلىش خاراكتېرلىك سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسى مائارىپچىلارنىڭ جاپالىق خىزمىتىنى يېنىكلىتىدىغان ۋە تولۇقلايدىغان قوراللار ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. بۇ ساھەدىكى ئەڭ ئۈمىدلىك پۇرسەتلەرنىڭ بىرى — سۈنئىي ئىدراك بىلەن قوراللانغان مائارىپ سۈپىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان خاسلاشتۇرۇلغان ئۆگىنىشتۇر. بۇ سۈپىلار ئوقۇغۇچىنىڭ نۆۋەتتىكى بىلىم سەۋىيەسى، ئۆگىنىش ئۇسلۇبى ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ئۆگىنىش سۈرئىتىنى بېكىتەلەيدۇ، شۇنداقلا سىستېمىنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزگىچە ئېهتىياجىغا ماسلاشتۇرالايدۇ.

دەل ۋاقتىدا پىكىر قايتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ خاسلاشتۇرۇلغان مائارىپ مەزمۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مول بولغان «بىرگە بىر» ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى يارىتىدۇ. سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنى بۇ ئۇسۇلدا ئىشلىتىش، تاپشۇرۇقلارنىڭ نەتىجىسىنى ساقلاپ ئولتۇرماستىن، بەلكى خاتالىقلارنى دەرهال تۈزىتىش ۋە ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى تېزراق تونۇپ يېتىش ۋە شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان مەشقلەر ئۈستىدە ئىشلەش ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدا ۋاقتىدا ۋە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

خاسلاشتۇرۇلغان ئۆگىنىش بولۇپمۇ «خاسلاشتۇرۇلغان مائارىپ پىلانى»غا (IEP) ئېهتىياجى بار، ئەمما

تېخى بېكىتىلمىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. ئۇ يەنە IEP تەلەپ قىلمايدىغان، ئەمما بايقالمىغان بىلىم بوشلۇقى بار ئوقۇغۇچىلارنى ياكى ساغلاملىق ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللار سەۋەبلىك يېڭى ئۆگىنىش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوللايدۇ. مەسىلەن، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مېگە سىلكىنىشىدىن قالغان، سىرتقا ئاشكارە بولمىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرلەر ئۇنىڭ دەرسلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، بايقالغان بىلىش بوشلۇقىنى تولدۇرىدىغان ياكى قوشۇمچە ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان باشقا بىر ئۇسۇلغا بۇرۇلۇش ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن غايەت زور قىممەت يارىتىدۇ.

گەرچە سۈنئىي ئىدراك ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان خاسلاشتۇرۇلغان تەربىيەلەش زىيادە ئېغىر مەسئۇلىيەت ئاستىدا قالغان مائارىپچىلارغا پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپى شۇكى، بۇ ئەھۋال سىنىپتىكى ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كۆپىنچە ئاممىۋى مەكتەپلەرنىڭ مەبلىغى ئىنتايىن قىس بولغانلىقى ۋە دۆلەتمىزدە ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەيۋاتقانلىقى سەۋەبلىك، بەزى مالىيە قارار چىقارغۇچىلىرى سۈنئىي ئىدراك قوراللىرىنى تەنەرخنى تېجەشنىڭ بىر چارىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ، كېيىنكى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلارنى تېپىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغىنى ئازايتىۋېتىش خەۋپى مەۋجۇت.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن پەقەت سۈنئىي ئىدراك بىلەن باشقۇرۇلىدىغان تەربىيەلەشنىلا يېتەرلىك دەپ قاراش بىر خاتالىقتۇر. تېخنىكا تېرەك قىلىنىغان تەربىيەلەش يۇقىرى سۈپەتلىك، ئەمەلىي كەسپىي تەرەققىيات پائالىيەتلىرىنى تولۇقلايدىغان ئېسىل بىر مەنبە بولالايدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە كەسپىي يېتەكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئالماشلىقى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار زىيادە كۆپ ئىشلەۋاتقان، ئەمما قەدىرلىنىشى يېتەرلىك بولمايۋاتقان نۆۋەتتىكى مۇھىتتا، خىزمەتداشلار ۋە رەھبەرلەر بىلەن بولغان شەخسىي ئالاقە كەسپىي تەرەققىياتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

دەل ۋاقتىدا پىكىر قايتۇرۇش ۋە خاسلاشتۇرۇلغان دەرسلەر ئوقۇغۇچىلارنى قىيىنچىلىقى بار ساھەلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي تاپشۇرۇقلار بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئەمما ئوقۇشقا بولغان مۇھەببەتنى پەقەت تېخنىكا تەمىنلىگەن ۋەزىپە ۋە مەشقلەر ئارقىلىقلا يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. مائارىپچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بېغىشلايدىغان شەپقەت، ھېسداشلىق، ھېكمەت ۋە پىكىر چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ياش ئەقىللەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە مەدەتكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاكادېمىك جەھەتتىن ئىلھام بېرىش بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى ياشلارغا ئەڭ لازىم بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي-ھېسسىيات ئۆگىنىشىدە (SEL) نەمۇنىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بىز ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى-ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەر قانچە تەكىتلىسەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. تېخنىكا

مەركەز قىلىنغان ئۆگىنىشكە زىيادە بېرىلىپ كەتكەندە، بۇ خىل ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئاسانلا سەل قارىلىشقا دۇچ مۇمكىن.

**مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك كەمچىلىكى: كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش يوشۇرۇن خەۋپى**

تاراتقۇلاردا سۈنئىي ئىدراك ياراتقان يالغاندىن ياسالغان رەسىم، سىن ۋە مەزمۇنلار ھەققىدە شۇنچە كۆپ پاراڭلار بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ ئىجادكارلىق ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر ماھارىتىگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنداقلا، ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ بۇ تېخنىكىنىڭ كۆچۈرمىكەشلىككە (مۇغەمبەرلىككە) يول ئېچىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلانغانىدەك قىلىدۇ.

قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجادكار سۈنئىي ئىدراكتىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىغا ئائىت سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بىز بىۋاسىتە ئۇلارنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرىگە، يەنى ChatGPT نىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلدۇق. ChatGPT بىزنىڭ سوئالىمىزغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«ماقالە يېزىشتا سۈنئىي ئىدراكتىن پايدىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى تەكشۈرۈش ياكى تەتقىقات تېمىسى، تەكشۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرى ۋە رايونغا ئاساسەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىشى مۇمكىن. ئەمما يېقىنقى تەتقىقاتلار ۋە تەكشۈرۈشلەر ئاكادېمىك مەقسەتلەر ئۈچۈن سۈنئىي ئىدراك قوراللىرىنى ئىشلىتىش يۈزلىنىشىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. مەسىلەن، <intelligent.com> تەرىپىدىن 2023-يىلىنىڭ بېشىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەكشۈرۈشتە دوكلات قىلىنىشىچە، تەخمىنەن 30% ئەتراپىدىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى تاپشۇرۇق ۋە ماقالە يېزىشتا <ChatGPT> غا ئوخشاش سۈنئىي ئىدراك قوراللىرىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. <study. com> نىڭ 2022-يىلىدىكى يەنە بىر تەكشۈرۈشىدە بولسا، تەخمىنەن 40% ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق ياكى باشقا ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتا سۈنئىي ئىدراكتىن ياردەم ئالغانلىقى بايقالغان.»

كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، «ChatGPT» ئۈچۈر ئىزدەپ، توپلاپ ۋە مەنبەلىرى كۆرسىتىلگەن تولۇق بىر جاۋابنى تەقدىم قىلدى. شۇنداقتىمۇ، مەزكۇر قورال تەمىنلىگەن ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ئاكادېمىك ياكى ئورگان مەنبەلىرىدىن ئېلىنماستىن، بەلكى تىجارەت خاراكتېرلىك تور بەتلەردىن ئېلىنغان. جاۋابتىكى مەنا قاتلاملىرىغا دىققەت قىلسىڭىز، سۈنئىي ئىدراك قورالىنىڭ مەسىلىگە چوڭقۇر چۆكمىگەنلىكىنى ياكى يۈزەكى ئۈچۈرلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇنىڭدىن باشقا،

ئەگەر يۇقىرىقى ئابزاسنى تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇسىڭىز، ئۇنىڭدىكى «تىل ئۇسلۇبى» نىڭ مەزكۇر بىلوگ يازمىسىنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايقايسىز.

«ChatGPT» (ياكى باشقا ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك قوراللىرى) ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ باشقۇرغۇچىلىرى ئۈچۈن ياخشى بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ. ئۇ يېڭى بىر تېمىنى ئۆگىنىشتە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىدۇ. سىز ئاللىبۇرۇن پىششىق بىلىمەن دەپ قارىغان تېمىلاردا يېڭىچە كۆز قاراشلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەمدە لازىملىق سانلىق مەلۇماتلار ئۈچۈن مەنبە تەۋسىيەلىرىنى سۇنىدۇ.

كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش ئازدۇرۇشى مائارىپتىكى ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ دائىملىق كەمچىلىكلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەمما رېئاللىق شۇكى، كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدىغان ۋە قىلمايدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچى لاكشيا جەين (Lakshya Jain) مەكتەپتە سۈنئىي ئىدراكتىن پايدىلىنىپ كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش ئەھۋاللىرىنى كۆزەتكەنلىكىنى، ئەمما بۇنىڭدا جەزمەن ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنى ئەيىبلەشكە بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

بەزى ئوقۇغۇچىلار «ChatGPT» بولمىسىمۇ، بارلىق تور مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ كۆچۈرمىكەشلىك قىلاتتى. شۇڭا ChatGPT كۆچۈرمىكەشلىكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكىنى يوق، بەلكى پەقەت ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇۋەتتى.

ماساچۇسېتس شتاتىنىڭ رېنخام شەھىرىدىكى كىڭ فىلىپ رايونلۇق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان جەين، خارۋارد مائارىپ ئاسپىرانتقا مەكتىپى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «سىنىپتا سۈنئىي ئىدراك بىلەن تەجرىبە ئېلىپ بېرىش» ناملىق تور يىغىنى جەريانىدا، 2023-يىللىق K-12 مائارىپىدىكى سۈنئىي ئىدراك مۇنازىرىسىگە قاتناشقان ئىدى.

يەنە بىر مۇنازىرىچى، ستانفورد مائارىپ ئاسپىرانتقا مەكتىپىنىڭ مائارىپ سانلىق مەلۇمات پېنى بويىچە ياردەمچى پروفېسسورى دورا دېمسكىي (Dora Demszky)، ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ مىيىپ ئوقۇغۇچىلار ياكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئويلىشالمايدىغانلىقىغا، بۇنىڭ بولسا ئۆگىنىشتىكى تەڭسىزلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئىجادكار سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ يەنە بىر ئىجابىي تەرىپى شۇكى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى تېجەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئالدىراش بىر ئوقۇتقۇچى «ChatGPT» ياكى «Gemini» غا بۇيرۇق بېرىش ئارقىلىق بىرەر ئېلخەتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى، مەكتەپ سىرتىدىكى ئېكسكۇرسىيە ئۈچۈن كىيىم-كېچەك تەلىپى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى، تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى دوكلات چۈشەندۈرۈشنى تېزلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

سۈنئىي ئىدراكلىق سىستېمىلار يەنە نومۇر قويۇش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، سىنىپتىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشلەرنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىنىپتىكى ۋاقتىنى قانداق ئەلالاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا مائارىپچىلار مەكتەپتە بولمىغان چاغلاردىمۇ تېخىمۇ جانلىق خىزمەت پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار كېچىلەپ ماقالە تۈزىتىش ياكى دەرسلىك مەنبەلىرىنى تەييارلاش بىلەن شۇغۇللانماي، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە بەكرەك لازىم بولغان دەم ئېلىش ۋاقتىغا ئېرىشەلەيدۇ. نەتىجىدە كېيىنكى كۈنى ئۆزى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئەرزىيدىغان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەيرەت بىلەن كۈتۈۋالالايدۇ.

## سۈنئىي ئىدراك دىققەت قىلىدىغان تۆت نۇقتا

ئىنكاس خاراكتېرلىك (ئۇچۇرلارغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان)، ئالدىن پەرەز قىلىش خاراكتېرلىك (سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىدىغان) ۋە ئىجادكار (مەزمۇن يارىتىدىغان) سۈنئىي ئىدراكقا ئائىت ئاساسىي ئۇسۇللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىز مائارىپتىكى سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان بۇ ئانالىزنى سۈنئىي ئىدراك قوللىنىلىدىغان تۆت ئاساسلىق كاتېگورىيە بىلەن خۇلاسىلەيمىز.

«Education International» تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنى مائارىپ ساھەسىگە سىڭدۈرۈشنىڭ ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئۈچ خىل ئۇسۇلى بېكىتىلگەن بولۇپ، تۆتىنچى يېڭى قوللىنىش ئۇسۇلىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. ئوقۇغۇچىنى مەركەز قىلغان سۈنئىي ئىدراك. بۇ ئاپتوماتىك يېزىقچىلىق باھالاش سىستېمىسى، ماسلىشىشچان يېتەكچىلىك سىستېمىسى، پاراڭچى بوتلار (chatbots) ۋە ئەنئەنىۋى ئۆگىنىشنى تولۇقلايدىغان باشقا سىستېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئوقۇتقۇچىنى مەركەز قىلغان سۈنئىي ئىدراك. بۇ خىل قوراللار باھالاشقا ياردەم بېرىش، دەرس پىلانى تۈزۈش قوراللىرى ۋە مەنبەلەرنى رەتلەش سىستېمىسى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنى قوللايدۇ.

3. ئورگاننى مەركەز قىلغان سۈنئىي ئىدراك. بۇ مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە تىجارەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ خەتەر ئاستىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئېنىقلاش، پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

4. سىستېمىنى مەركەز قىلغان سۈنئىي ئىدراك. بەزى شتاتلارنىڭ مەكتەپ مەبلىغىنى بېكىتىشتە ياكى شتات دەرىجىلىك باھالاشلارغا نومۇر قويۇشتا سۈنئىي ئىدراك ئىشلىتىشكە ئەگىشىپ، بۇ تۈر ئاستا-ئاستا رولىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

بىز سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىنىڭ سىنىپتا يارىتىدىغان تەسىرلىرىنىڭ تېخى دەسلەپكى كۆرۈنۈشلىرىنىلا كۆرۈۋاتىمىز. ئەمما بۇ كۈچلۈك مەنبەگە قارىتا مۇۋاپىق نازارەت ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن پايدىلانغاندا، بىز ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ خاسلاشتۇرۇلغان مائارىپ بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز، شۇنداقلا ھەر كۈنى ھېرىپ-چارچىماي ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى ساغلام تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشىغا ياردەم بېرەلەيمىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.nms.org/blog/pros-and-cons-of-ai-in-the-future-of-education?gad_



# يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ باققاندا مېڭىسە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن؟

كرىستىن نۇنېر

# يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ باققاندا مېڭىڭىزدە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن

كىرستېن نۇنېز

سىزنىڭ يېڭى بىر نەرسىنى سىناپ باققان ۋاقتىڭىز قاچان؟ بۇنداق ئوي-خىيال بەلكى سەل غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما يېڭىلىقلارنى سىناپ بېقىش سىزنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىڭىزدە مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. ئۇ يەنە سىزگە ئىجابىي خىرىسلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئوي-پىكرىڭىز، ئارتۇقچىلىقلىرىڭىز، ئادەتلىرىڭىز  ھەمدە ھېس-تۇيغۇڭىزنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

بۇنداق دېگەنلىك ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىز ئادەتلەنگەن قىلىقلىرىڭىزدا يەنى، دائىم قەھۋەخانىغا بېرىش ياكى بەزى تاماقلارنى ئېتىشتەك ئۆزىڭىزگە تونۇش تەجرىبىلەردە بىرەر مەسىلە بار دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە بۇنداق ئادەتلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزنى تەرتىپلىك، بىخەتەر كۆرسىتىدۇ. ئەمما بەزى ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ باققانىڭ شەخسىي تەرەققىياتىڭىزغا پايدىسى زور بولىدۇ. بۇ ماقالىدە، پسىخولوگلار يېڭىلىقلارنى سىناپ بېقىشنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئورتاقلىشىدۇ.

## يېڭىلىقلارنى سىناپ بېقىشنىڭ سەككىز چوڭ پايدىسى

بېسىم ۋە ئەنسىزلىكلەردىن غالىپ كېلەلەيسىز.

«بۇنداق دېيىش بەلكىم ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن يېڭىلىقلارنى سىناپ باققاندا بېسىم ھېس قىلىش دەرىجىڭىزنى تۆۋەنلىتىشى مۇمكىن» دەيدۇ پسىخولوگ ستېفەنى ستىل-رېن. (Stephanie Steele-Wren) «چۈنكى تەۋەككۇل قىلىش، بىئاراملىققا كۆنۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ، يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش گەرچە كىشىنى بەزىدە ئەنسىزلىككە سالسىمۇ، ئەمما بۇنداق

ئىشلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىشىڭىز (بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئورنىغا) سىزگە روھىي جەھەتتىن يېڭى چىقىش يولى تېپىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى پىسخولوگىيە پروفېسسورى، ئىجازەتنامىلىك كلىنىكىلىق داۋالاش مۇتەخەسسىسى جىلىيەن ئامودىئو (Jillian Amodio) ستىل رېنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئەگەر سىز ناتونۇش نەرسىلەرنى چۈشىنىش ياكى سىناپ بېقىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولسىڭىز، بەدىنىڭىز ئاشۇ بىئاراملىق تۇيغۇسىنىڭ ھېچقانداق يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ.»

مېڭىڭىز تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ.

«يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش نېرۋا ئەۋرىشىملىكى، يەنى مېڭىنىڭ يېڭى نېرۋا ئۇلىنىشلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارىنى قوزغىتىدۇ»، دەيدۇ دوكتور كرىستا نوررىس (Krista Norris). «يېڭى كەچۈرمىشلەر قىزىقىشنى قوزغاپ، دوپامىن قويۇپ بېرىشكە باشلايدۇ-دە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۆگىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ» دەيدۇ ئۇ. «چوڭقۇرلۇق پىسخولوگىيىسى (Depth psychology يەنى، چوڭقۇرلۇق پىسخولوگىيىسى دېگىنىمىز، ئىچكى ئاڭنى تەكشۈرىدىغان ھەر خىل داۋالاش ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي ئاتالغۇ) نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يېڭى كەچۈرمىشلەر ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى تېخى بايقالمىغان ئىقتىدارلارنى قېزىپ چىقىپ، ئۆسۈپ-يېتىلىش ۋە ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خىل روھىي جەھەتتىكى جانلىقلىق، ھارغىنلىق ۋە ئاك تۇرغۇنلۇقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.»

ھاياتىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتىدۇ.

«كۈندە دېگۈدەك ئوخشاش ئىشنى تەكرارلاش مېڭىڭىزنى ئاپتوماتىك ئىشلەش ھالىتىگە توغرىلاپ قويىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، سىز نورمال تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزگەرتسىڭىز، مېڭىڭىزنىڭ ئويغىنىشىغا، مېڭىڭىزنىڭ سەزگۈرلۈكىنى، نېرۋىڭىزنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ساقلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن، يەنى مېڭىڭىز ئەتراپىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن» دەيدۇ ستىل-رېن (Steele-Wren).

ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز ئاشىدۇ.

يېڭى نەرسىلەرنى قانچە كۆپ سىناپ باققاندا، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز شۇنچە كۈچىيىدۇ. نېرۋا ئالىمى دەيۋىد ئامودىئو (David Amodio) نىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئىشەنچنى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق، بولۇپمۇ كونترول قىلغىلى بولىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئارقىلىق بەرپا قىلغىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل قىيىنچىلىقلار يېڭى نەرسىلەر، چوڭراق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ۋە نىشانلارغا يېتىشتىكى زۆرۈر بولغان ئىشەنچنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھاياتىڭىزنىڭ بىر ساھەسىدە ئىشەنچ ھاسىل قىلالىسىڭىز، ھاياتىڭىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى ئاشۇرالايسىز. ئامودىئونىڭ ئېيتىشىچە، «مېڭە ئىشەنچنى مەلۇم ۋەزىپىلەرگە تەقسىم قىلمايدۇ ياكى بۆلمەيدۇ.» ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، مېڭە ياشىغان تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىشەنچنى ئېھتىياجلىق بولغان جايلارغا تەقسىم قىلىدۇ.

ھېسسىي چىدامچانلىقىڭىز ئاشىدۇ.

يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش ھېسسىي كۈچىڭىزنى ئاشۇرىدۇ. نوررىسنىڭ ئېيتىشىچە، «يېڭى كەچۈرمىشلەر كۆپىنچە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاكتىپلىشىشىنى قوزغىتىدۇ، بۇ دەسلەپتە ئەنسىزلىك تۇيغۇسىدەك بىلىنىشى مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئۇ تۇيغۇدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بەدىنىمىز ئېنىقسىز نەرسىلەرنىڭ ھەمىشە خەتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن بېسىمغا بولغان چىدامچانلىقنى ئاشۇرىدۇ، پسىخىكىلىق جەھەتتىن بولسا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشەنچنىڭ پەقەت ئىجابىي ئويلىنىشتىنلا ئەمەس، بەلكى ياشىغان تەجرىبە ئارقىلىقمۇ ئاشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا نامەلۇم نەرسىلەرگە خاتىرجەملىك بىلەن يۈزلىنىشىمىزگە ئاساس سالىدۇ.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە يەنە، ھەر قېتىم يېڭى نەرسىگە يولۇققاندا ۋە ئۇنىڭدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەندە، نېرۋا سىستېمىڭىز ئىقتىدارىڭىزغا بولغان ئىشەنچنى يېڭىلايدۇ.

ئۆزىڭىزگە بولغان تونۇشىڭىز چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئۆزىڭىزنى ياخشىراق چۈشىنىشنى خالامسىز؟ كۈندىلىك پىلانىڭىزنى ئازراق ئۆزگەرتىپ يېڭى نەرسىلەرنى قوشۇپ بېقىڭ. نورىرسىنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭقۇرلۇق پسىخولوگىيىسى (Depth psychology) گە ئاساسلانغاندا، ئۆسۈپ-يېتىلىشنىڭ مەنبەسى كۆپىنچە ناتونۇش نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىشتۇر. ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: «يېڭىلىقلارنى سىناپ كۆرۈش، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى، قىزىقىشلىرى ياكى ھېسسىيات ئەندىزىلىرىنى ئاشكارىلىيالايدۇ. بۇ جەريان كىملىكىنىڭ ھەر خىل قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، بۇ تېخىمۇ مۇقىملىق ۋە ھەقىقىيلىك تۇيغۇسىغا ئېلىپ بارىدۇ.» ئۆز نۆۋىتىدە، سىز ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىپ، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئاساسىي ئورۇنغا ئىگە ھېس قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقىڭىز كۈچىيىدۇ.

بەزى سەرگۈزەشتىلەر، مەسىلەن، پىدائىي بولۇش ياكى كىتاب ئوقۇش كۇلۇبىغا قاتنىشىش قاتارلىقلار، باشقىلار بىلەن ئورتاق ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەت بولغاچقا ئىجابىي ئىجتىمائىي ئالاقىغا يول ئاچىدۇ، بۇ ئوكسىتوسىن (Oxytocin) نىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى كۆپەيتىپ، بېسىم ھورمونلىرىنى ئازايتىدۇ، دەيدۇ نورىرس. ئامودىئو تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش يەنە نەزەر-دائىرىڭىزنى كېڭەيتىدۇ، باشقىلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئالاقە قىلىش ۋە باغلىنىشقا، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك ئىگىلىشىڭىزگە شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ياكى ئۆز ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.»

راھەت بەلۋېغىڭىز كېڭىيىدۇ.

راھەت بەلۋېغىدا ياشاش گەرچە بىخەتەردەك بىلىنسىمۇ، شەخسىي ئۆسۈشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئامودىئونىڭ قارىشىچە، ئەڭ مۇھىم نۇقتا «سوزۇلۇش رايونى» (Stretch zone) دا. پسىخىكىلىق تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ رايوندا سىز يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئۇچۇن يېتەرلىك بولغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىسىز، ئۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، راھەت رايونىڭىز كېڭىيىدۇ.

كۈندە دېگۈدەك يېڭىلىقلارنى سىناپ بېقىش ئارقىلىق پايدا ئېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ستىل-رېننىڭ تەۋسىيىسى قىلىشچە، ھەپتىدە بىر قېتىم بىر يېڭىلىقنى سىناپ بېقىش يېتەرلىك، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ھېچقانداق بېسىم ھېس قىلمايلا ئۆزگىرىش بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇ جەرياندا، تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئويلىشىپ بېقىڭ.

ئادەتلىنىشنى ساقلاڭ. ستىل-رېن مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىشى ناتايىن، كىچىك نەرسىلەر ۋە ئاسان ئىشتىن باشلاڭ.» نوررىسمۇ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشكە ئەڭ ياخشى ماسلىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. «سېمىنار، قىسقا كۇرس ياكى ئىشەنچلىك دوستىڭىز بىلەن يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش قاتارلىق تۆۋەن بېسىملىق كىرىش نۇقتىلىرىنى تاللاڭ. بۇ سىزگە بېسىم ھېس قىلدۇرماي تۇرۇپ قىزىقىشىڭىزنى جانلاندۇرىدۇ»، دەيدۇ ئۇ.

سەۋرچان بولۇڭ. يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. «يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈش ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا تۇنجى قەدەمنى تاشلىغاندا سەۋرچانلىق ۋە قەيسەرلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەممە ئادەم مەلۇم بىر يەردىن باشلايدۇ»، دەيدۇ ئامودىئو.

قىزىقارلىق ئىشلاردىن ھۇزۇرلىنىڭ. «نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرەر يېڭى ئىشنى باشلاشتا قىيىنچىلىق ھېس قىلىشى، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىشنى باشلاش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭغا ماھىر بولۇش كېرەك دەپ خاتا ئويلىۋالغانلىقىدا، ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۆزىڭىزگە قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىشلارنى قىلىشنى سىناپ بېقىڭ، بۇ سىزنى تېخىمۇ دادىل قىلىدۇ ھەمدە بىزارلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ»، دەيدۇ ستىل-رېن. شۇنىڭغا ئوخشاش، نوررىس، ئىقتىدارغا ئەمەس، بەلكى قىزىقىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشنى شۇنداقلا «مەن بۇ ئىشنى ياخشى قىلالايمەنمۇ؟» دېگەن قاراشنى «مەن بۇ ئىشنى قىلىشتىن نېمە ئۆگىنەلەيمەن؟» دېگەن قاراشقا ئۆزگەرتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

قىزىقىشلىرىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ. يېڭى بىر نەرسىنى سىناپ بېقىشتا، ئۇنى ئالقىشقا ئېرىشكەن ياكى ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن تاللاشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسلىق قىممەت قارىشىڭىز، ئادەتتىكى

قىزىقىشلىرىڭىز ۋە «ئەڭ ئىپتىدائىي ئارزۇلىرىڭىز» غا ئاساسەن تاللاشنى ئويلىشىڭ، دەيدۇ ئامودىئو. ئۆزىڭىزدىن قانداق پائالىيەتلەر، ئىشلار، قىزىقىشلار، يېمەكلىكلەر، كەچۈرمىشلەر ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىڭىزنى سوراڭ. بۇ كەچۈرمىشلەرنىڭ تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق ۋە ھەقىقىي ھېس قىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

كەچۈرمىشلەردىن كېيىن ئويلىنىش. «يېڭى بىر نەرسىنى سىناپ باقىاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قانداق ھېس قىلغانلىقىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ» دەيدۇ نورىرىس. بۇ مېڭىنىڭ كەچمىشلەرنى بىخەتەر ۋە مەنىلىك دەپ كودلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. نورىرىسنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كەچمىشلەر ئاجايىپ بولمىسىمۇ، ئويلىنىش ئۆزىنى تونۇشنى كۈچەيتىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرالايدۇ.

ئىنگلىسچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.realsimple.com/what-happens-when-you-try-new-things-11910943


ئۇيغۇر تەتقىقاتى
دۇنيانىڭ دىققىتى ۋە ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى زۇلۇم
يالقۇن ئۇلۇغيول

# دۇنيانىڭ دىققىتى ۋە ئۇيغۇرلار ئۇستىدىكى زۇلۇم[1]

**يالقۇن ئۇلۇغيول**

ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە، دادام مەمەت ياقۇپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئونلىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسى ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتتى. بېشىمىزغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتلەرگە خەلقئارادىكى دىققەت كۈچەيگەندە — يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بىرلەشمە باياناتلار، كەڭ كۆلەملىك تاراتقۇ خەۋەرلىرى ۋە دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ ۋەھشىيانە جىنايەتلەرنى ئېتىراپ قىلىشى قاتارلىقلار كېڭەيگەندە — يېقىنلىرىمنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك بېسىم شەكىللىنىدۇ، دەپ ئىشەنگەن ئىدىم.

ئەمما دادام مەجبۇريي غايىب قىلىۋېتىلگىنىگە سەككىز يىل بولغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى، سالامەتلىك ئەھۋالى ياكى ئۇنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئەيىبلەشلەر ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ دىققىتى ئاللىبۇرۇن باشقا يەرگە بۇرۇلۇپ كەتتى.

دادام 2016-يىلىدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان يۈز مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرىدۇر. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەملىك رەۋىشتە تۇتۇپ-سولاش، ناھەق تۈرمىگە تاشلاش، كىشىلىك مەخپىيەتلىكلىرىگە ئەگىشىپ ۋە شەخسىي تالاشلىرىغا دەخلى قىلىش ۋە مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق كۆپ خىل زۇلۇم ۋاستىلىرىنى قوللاندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى ئىشخانىسى 2022-يىلىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك دوكلاتىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە يەكۈن چىقاردى. بۇ ئېتىراپ قىلىش ئۇيغۇر خەلقى دۇنيانىڭ دىققىتىگە ئېرىشكەندەك قىلغان ئاز ئۇچرايدىغان بىر پەيت بولۇپ قالدى. ئەمما، شۇ

---

[1] ماۋزۇ تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى. بۇ ماقالىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئورگان تور بېتىدىكى ئەسلى ماۋزۇسى «دۇنيانىڭ دىققىتى باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەن بىر پەيتتە، ئۇيغۇرلار ئۇستىدىكى زۇلۇم يەنىلا داۋاملاشماقتا»دۇر.

چاغدىمۇ خىتاينىڭ دۇنياۋى تەسىر كۈچى تولۇق ئايان بولغان ئىدى.

بىر تۈركۈم دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەسمىي كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما بېيجىڭنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن بۇ تىرىشچانلىق ئازغىنە ئاۋاز پەرقى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. يۈز بەرگەن ئەھۋاللار خۇددى بېيجىڭنىڭ «تاكتىكا دەپتىرى»دىن ئېلىنغان بىر بەتكە ئوخشايدۇ. خىتاي بۇ جەھەتتە تەنقىدچىلەرنى قورقۇتۇش، ئىتتىپاقداشلارنى ئىشقا سېلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش، شۇنداقلا بۇ خىل تەنقىدلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى سىستېمىلىق ھالدا سۇسلاشتۇرۇش قاتارلىق قەدەملەرنى باستى.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا — يەنى قانۇنلۇق ۋە تىنچ پائالىيەتلىرىگە — ئائىت ئۇچۇرلارنى قورال قىلىپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىشلەتمەكتە. دائىرىلەر ھەممە كىشىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى، ئالاقىسى، تېلېفون ئىشلىتىش ئەھۋالى، ماشىنا ئورنى ۋە چەت ئەلدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئىز قوغلاش ئۈچۈن، «بىرلەشمە جەڭ مەشغۇلات سۇپىسى» (IJOP) دەپ ئاتىلىدىغان بىر سىستېمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش قوراللىرىنى بەرپا قىلدى.

دائىرىلەر چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار ئۇيغۇرلارنى جازالاپ كەلدى؛ يەنى چەت ئەلدە تۇغقانلىرى بولغان ياكى دائىرىلەر ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن مەخپىي ھالدا «سەزگۈر» دەپ بېكىتكەن دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغانلارنى تۇتقۇن قىلدى ۋە تۈرمىگە تاشلىدى. بۇ نازارەت قىلىش قورالى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ بەزى نازارەتلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىدىغان ۋاتساپ (WhatsApp) ياكى مەخپىي تور (VPN) غا ئوخشاش ئەپلەرنى ئىشلەتكۈچىلەرنى بايقىشىغىمۇ ياردەم قىلدى.

بېيجىڭ ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتىغا جەڭ ئېلان قىلىش تەنىنەرخىنى ئاشۇرۇش ۋە شەرقىي تۈركىستاندا «نورماللىق» سىماسىنى يارىتىش ئارقىلىق، خەلقئارادىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تاجاۋۇزكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلدى. خىتاي دائىرىلىرى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان نازارەتنى كۈچەيتتى، مۇھاجىرەتتىكى پائالىيەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارغا تەھدىت سالدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزمىغا دەخلى قىلدى ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ب د ت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۇستەقىل زىيارەت قىلىشىنى توسۇپ تۇرۇپ، چەت ئەل دىپلوماتلىرى ۋە ژۇرنالىستلىرى ئۈچۈن قاتتىق كونترول قىلىنغان «تەشۋىقات ساياھەتلىرى»نى ئورۇنلاشتۇردى.

ئەمما، خىتاينىڭ تەشۋىقات ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى پەقەت زۇلمەتنىڭلا نەتىجىسى ئەمەس. ئۇ يەنە ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بارغانسېرى مۆلچەرلىگۈسىز بولۇۋاتقان تاشقى سىياسىتى بېيجىڭ بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تاللاشلىرىنى قايتىدىن شەكىللەندۈردى. ھۆكۈمەتلەر ترامپ ھۆكۈمىتىگە قارشى تەگپۇڭلۇق ساقلاش مەقسىتىدە رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىرىدە دائىم چەتكە قېقىلىۋاتىدۇ. بۇ، بېيجىڭنىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى ئۈنۈملۈك پەردازلىشىغا، خىتاينى ئىشەنچلىك بىر دۇنياۋى كۈچ ۋە ئامېرىكىغا نىسبەتەن بىر تاللاش سۈپىتىدە قايتىدىن نامايان قىلىشىغا يول ئاچماقتا.

كەڭ كۆلەملىك خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش باشلانغىنىغا ئون يىلغا يېقىنلاشقان، ب د ت دوكلاتى ئېلان قىلىنغىنىغا تۆت يىلغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارغا قارشى سادىر قىلىنغان جىنايەتلەر ئۈچۈن تېخىچە ھېچكىم جاۋابكارلىققا تارتىلمىدى. ئەمما باشقا ھۆكۈمەتلەر بېيجىڭنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاشكارا ئەيىبلىسە، نىشانلىق جازا يولغا قويسا ھەمدە كىشىلىك ھوقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش، سودا ۋە بىخەتەرلىك سىياسەتلىرىگە سىڭدۈرسە، جاۋابكارلىققا تارتىش مۇمكىن بولىدۇ.

ئاۋستىرالىيە ئۈچۈن تاشلىنىدىغان مۇھىم بىر قەدەم — مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەنگەن ھەرقانداق نەرسىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش قانۇنىنى چىقىرىشتۇر. بۇنداق قىلىش پەقەت خىتايدا زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىككى چوڭ دۆلەت — ئامېرىكا ۋە خىتاينىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

خىتاي ئۆز تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، دۇنيانىڭ دىققىتى سۇسلاشقانسېرى، بەزىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋاللار «نورماللىق»قا قايتىۋاتىدۇ، دەپ ئىشىنىشكە باشلىشى مۇمكىن. بۇ چۈشەنچە تامامەن خاتا. كىشىلەر مەندىن دائىم «ھەقىقىي نورماللىق قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇشىدۇ. جاۋابى ئېنىق: ئەركىنلىك، جاۋابكارلىق ۋە چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىش پۇرسىتى. دادامدەك ناھەق تۈرمىگە تاشلانغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەركىنلىك؛ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋە باشقا دەپسەندىچىلىكلەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىش؛ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ — جۈملىدىن مەندەك سۈرگۈندىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ — شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن ئەركىن سۆزلىشىشى، زۇلۇملارنى ھۆججەتلەشتۈرۈشى ۋە ئۆچ ئېلىنىشتىن ئەنسىرىمەي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىشى ئۈچۈن چەكلىمىسىز يول ئېچىش. (مانا بۇلار نورماللىقتۇر.)

خىتاي ھۆكۈمىتى غايەت زور كەڭ كۆلەملىك نازارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا، يۈز مىڭلىغان كىشىلەرنى ئاساسسىز تۇرمىگە تاشلاشقا، جاۋابكارلىقتىن قېچىشقا ۋە تەشۋىقات ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دۇنياۋى قاراشنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما دۇنيا رەھبەرلىرى ئامالسىز ئەمەس. ئۇلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىش، خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى زىيانكەشلىك قىلمىشلىرىنى توسۇش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق — بولۇپمۇ دۇنيانىڭ دىققىتى سۇسلاشقان ۋە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلىۋاتقان پەيتلەردە — بۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پەردازلانغان ساختا كۆرۈنۈشنى بىتچىت قىلىپ تاشلىيالايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى خەتەر ئاستىدا، ئۇلارغا سەل قاراشنىڭ بەدىلى ئىنتايىن ئېغىر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.hrw.org/news/2026/04/20/repression-of-uyghurs-persists-as-the-world-moves-on?utm


كۆڭۈل ۋە تەن
ئىنساننى كۆرەڭلەتكەن نەرسە زادى نېمە؟
مەمەت ئېمىن دوختۇر

# ئىنساننى كۆرەڭلەتكەن نەرسە زادى نېمە؟

مەمەت ئىمىن دوختۇر

ئۇيغۇرلاردا «غوجامنىڭ خوجىسى بار» دەيدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: «بەك كۆرەڭلەپ كەتمەڭ، سىزدىنمۇ نوچىسى بار» دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز كۆپىنچە ئەھۋالدا مەلۇم ساھەدە ئاز تولا بىر نەرسە بىلگەندىن ياكى مەلۇم كەسپتە بەلگىلىك نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىلەلمەي بەك كۆرەڭلەپ كېتىدىغان كىشىلەرگە تەنە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنداقتا ئىنساننى «كۆرەڭلەتكەن» نەرسە زادى نېمە؟

ئىنساننى كۆرەڭلەتكەن نەرسە، ئۇ ئېرىشكەن مەلۇم «ئىمتىياز» ياكى «ئەۋزەللىك» بولۇپ، ئۇ ئىنسان ئېرىشكەن كۈچ، ھوقۇق، مەنسەپ، پۇل-مال، نوپۇز، مۇكاپات ۋە ئېتىراپ قىلىنىش قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

پسىخولوگ پائۇل پىف ئىنساننى كۆرەڭلەتكەن «ئىمتىياز» ياكى «ئەۋزەللىك» نى «ساختا ئەۋزەللىك» دەپ ئاتىغان. يەنى ئىنسان ئۇ «ساختا ئەۋزەللىك» كە ئېرىشكەندىن كېيىن، تېزلا «كۈچ» ياكى «ئالاھىدە ئىمتىياز» تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە دېيىلگەن «ساختا ئەۋزەللىك» ئادەتتە بىز چۈشەنگەن رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان ئەۋزەللىك بولماستىن، ئەسلىدە ھەقىقىي تۈردە ئەۋزەللىككە لايىق بولمىغان بىر ئىنسانغا، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېرىلگەن ئەۋزەللىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئىنسان ئېرىشكەن ئەۋزەللىكنى توغرا ئىشلىتەلمەي، ئۇ ئەۋزەللىكتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن زىيادە ئەندىشە قىلىپ، ئۇ ئەۋزەللىك ياكى ئىمتىيازغا تايىنىپ باشقىلارنى بېسىشقا ئۇرۇنىدىكەن.

ئىمتىياز چوڭ مېڭىنىڭ ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئازايتىپ، ئىنساننىڭ ئۆزگە بولغان مەپتۇنلۇقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق چوڭ مېڭىدە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇ ئەۋزەللىكلەرنىڭ ساختا ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئىنساندا يەنىلا «ئەۋزەللىك» تۇيغۇسىنى

پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانغا ھەممىنى بىلىدىغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنى ئىمتىيازلىق شەخسلەر ئۆزى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتنى، شارائىت، تۈزۈم ياكى سىستېمىدىكى ئەۋزەللىكلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە باغلايدۇ. بۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇ ئىنسانىنىڭ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۇسالغۇ بولغان قىيىنچىلىقنى كۆرۈش ياكى تونۇش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، كۈچلۈك رىقابەتچىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇ «ئىمتىياز» ئىگىسىگە بولغان زىيادە مەدھىيەسى ياكى يول قويۇشى يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندا، كۆرەڭلىكنىڭ نەتىجىسىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە جەھەتلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ھېسداشلىق تۇيغۇسى تۆۋەنلەيدۇ. تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، يۇقىرى ئىمتىياز، كۈچ ياكى مەنسەپكە ئىگە شەخسلەر، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشتا قىيىنىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسى باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەنبەلەردىن پايدىلىنىشقا مايىل ئەمەس.

2. ئەۋزەللىك ۋە ئىمتىيازلار كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئەۋزەللىك ۋە ئىمتىيازلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ.

3. ئىمتىيازلىق شەخسلەر تاشقى ئەۋزەللىكلەرنى تۆۋەنلىتىپ، ئۆزلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە تېخىمۇ لايىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە تىرىشچانلىقىدىن كۆرىدۇ.

4. ئىمتىياز بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش پەيدا قىلىدۇ. يەنى ئىمتىياز — ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىلەردە بىر خىل مۇقەررەرلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۆزى ئۇ ئىمتىيازلاردىن پايدىلىنىپ قىلغان ھەرقانداق ئىشلارنى ئۇنىڭغا نورمال ھېس قىلدۇرىدۇ.

5. ئىمتىيازلىق كىشىلەر تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى كۆرەلمەيدىغان بولىدۇ. ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ئىنستىتۇتى ئېلىپ بارغان تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، سېستىمىلىق تەڭسىزلىككە دۇچ كەلگەندە، ئىمتىيازلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن، يېڭىپ ئۆتكەن توسالغۇلارنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

قىسقىسى چوڭ مېڭە ۋە ئىنسانلىنىڭ قىلمىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، پەقەت گېنغا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلار كېيىن يېتىلدۈرگەن ئادەت بولۇپ، ئۇنداق ئىنسانلار خۇددى «قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويمىغان» دەك، ئىمتىياز ۋە ئەۋزەللىككە ئېرىشكەنسىرى، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئىمتىياز ۋە ئەۋزەللىككە ئېرىششكە تىرىشىدىكەن.



# ئۆتكەن ئىككى ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2026 -يىلى 3– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 4 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

## دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2026-يىلى مارت، ئاپرېل)

6 ـ مارت:

**خىتاينىڭ رامىزانلىق چەكلىمىنى كۈچەيتىپ، روزا تۇتقان ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقان ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغان بولۇپ، بۇ ھال خىتاينىڭ رايوندىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

ئېگىلىنىشىچە، خوتەن ۋىلايىتىدە ئالتە نەپەر ئۇيغۇر مەخپىي روزا تۇتقان دېگەن ئەيىبلەش بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 70 ياشتىن ئاشقان بەش كىشى ئاگاھلاندۇرۇلۇپ ۋە سىياسىي «تەربىيەلەش» تىن ئۆتكۈزۈلۈپ قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بىر ئۇيغۇر ياش داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلماقتا، بۇ ياش جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىشى مۇمكىن.

مەلۇم بولۇشىچە، رامىزان مەزگىلىدە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى كۈچەيتىلگەن بولۇپ، سەھەر سائەت ئالتىدە چارلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۆيلەرنىڭ چىرىغىنى تەكشۈرۈش ۋە گۇمانلىق ئۆيلەرگە كىرىپ ئاختۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روزا تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىنى تەكشۈرمەكتە.

قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە روزا تۇتۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي دائىرىلىرى ئاھالىلەرنى سەھەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ، كۈندە ئىككى سائەت ئەتراپىدا يول، كۆۋرۈك ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى ئوڭشاشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن بۇ ئەھۋالنى قاتتىق ئەيىبلەپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

بۇ مەسىلىلەر جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 61-نۆۋەتلىك يىغىنىدىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، يىغىندا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مازارلىرىنى ۋەيران قىلىش قىلمىشلىرىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

https://www.aninews.in/news/world/asia/china-accused-of-detaining-uyghurs-for-fasting-as-ramadan-restrictions-intensify20260306180145/

1-ئاپرېل

**كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى تەنقىدكە ئۇچرىدى**

كانادا باش مىنىستىرى مارك كارنېينىڭ (Mark Carney) خىتايدىكى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئەيىبلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچرىدى.

كارنىي يېقىندا مۇخبىرلارنىڭ خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا مۇجمەل جاۋاب بەرگەن بولۇپ، بۇ خىل پوزىتسىيە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېرىلىدىغان بېسىمنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ دەپ قارالماقتا.

باش مىنىستىرنىڭ سۆزلىرى ب د ت ۋە كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پاختا، ئاپتوموبىل، قۇياش ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ساھەلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىغا ئائىت ئېنىق دوكلاتلىرىغا سەل قارىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە كانادا ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش قانۇنىنى يېتەرلىك ئىجرا قىلمىغان. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» غا ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بارلىق مەھسۇلاتلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارايدىغان قاتتىق بەلگىلىمە كانادادا تېخى يوق.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنىڭ كاناداغا تۇتقان قاتتىق پوزىتسىيەسى سەۋەبلىك، باش مىنىستىر كارنىي خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئوبزورچىلار، كانادانىڭ تاشقى پىلاندا سودا مەنپەئەتىنى كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا

قويماسلىقى كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردى.

https://www.hrw.org/news/2026/04/01/canada-should-speak-out-on-uyghur-forced-labor-in-china

16 ـ ئاپرېل:

**خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشى ئاخىرلاشمىغان، بەلكى يېڭى شەكىلگە كىرگەنلىكى ئاشكارىلاندى**

تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ (Adrian Zenz) يېڭى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقى ئاخىرلاشمىغان بولۇپ، پەقەت تېخىمۇ يوشۇرۇن ۋە يېڭىچە شەكىلگە كىرگەن. ئىچكى قىسىمدىن سىرتقا چىققان ئاز ئۇچرايدىغان گۇۋاھلىق سۆزلىرى بۇ ئەھۋالنى دەلىللەيدۇ.

2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە بولغان كەڭ كۆلەملىك لاگېرغا قاماش ھەرىكىتى بىر ئاز يەڭگىللىگەندىن كېيىن، 2023 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يەرلىك دائىرىلەرگە يېڭى بىر مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. بۇ بۇيرۇقتا ئۇيغۇرلارنى «قىسقا مۇددەتلىك تۇتۇپ تۇرۇش» ئۈچۈن، تۇتۇلىدىغان ئادەم سانى، يەنى نورما بەلگىلەنگەن.

يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ «نورما» نى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئاھالىلەرنىڭ ئۆتكەن ئون يىللىق تارىخىنى ئاختۇرغان. نەتىجىدە ھەپتىلىك دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشمىغان، ھەقسىز مەجبۇرىي ئەمگەككە ياكى ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان يۆتكەپ ئىشقا سېلىشقا قوشۇلمىغان، ھەتتا ئۆيىدە تەنھەرىكەت ئەسۋابى ساقلىغان دېگەندەك ئىنتايىن كىچىك باھانىلەر بىلەنمۇ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغان.

تۇتقۇن قىلىنغانلار قەستەن ناچارلاشتۇرۇلغان شارائىتتا 15 كۈنگىچە تۇتۇپ تۇرۇلغان. بۇ خىل قىسقا مۇددەتلىك، ئەمما رەھىمسىز تۇتقۇن قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ـ خەلقنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ۋە ئۇلارنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

https://foreignpolicy.com/2026/04/16/china-xinjiang-uyghur-camps-repression/

16 ـ ئاپرېل

**ئادريان زېنزنىڭ يېڭى ماقالىسى: ئىچكى قىسىمدىكى گۇۋاھچى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق مەجبۇرىي ئەمگەكنى دەلىللىدى**

ئامېرىكادىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئادريان زېنز (Adrian Zenz) يېقىندا ئېلان قىلغان يېڭى ماقالىسىدە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق مەجبۇرىي ئەمگەك قىلمىشىنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىنى، بەلكى تېخىمۇ يوشۇرۇن ۋە كېڭەيتىلگەن ھالەتتە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ پاكىتلار 2014 ـ يىلىدىن 2023 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي ئۇيغۇر ئېلىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن «جاڭ» ئىسىملىك بىر سابىق خىتاي ساقچىسىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ۋە تەمىنلىگەن ئىسپاتلىرى ئارقىلىق دەلىللەنگەن.

سابىق ساقچى جاڭنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ ئاقسۇدا ئىككى قېتىملىق پاختا يىغىمى مەزگىلىدە ئۇيغۇر ئىشچىلارنى نازارەت قىلغان. دائىرىلەر ئىشچىلارنىڭ كىملىكىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتقان. ئىشچىلار تۈرمىدىنمۇ بەتتەر، ئىسسىنىش ئۈسكۈنىسى يوق ناچار شارائىتتا ياشاشقا، كۈنىگە ئون سائەتتىن ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان. شۇنداقلا ناماز ئوقۇش، ياغلىق ئارتىش قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەر قاتتىق چەكلەنگەن.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نامىدىكى ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇشى پۈتۈنلەي مەجبۇرىي خاراكتېرگە ئىگە. خىزمەتنى رەت قىلغانلار ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش (مېڭە يۇيۇش)، يېرىم كېچىگىچە يىغىن ئېچىش، ھەقسىز ئەمگەككە سېلىش، لاگېرغا قاماش بىلەن تەھدىت سېلىش، ھەتتا 15 كۈنلۈك مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇلۇش قاتارلىق جازالارغا ئۇچرايدۇ.

دوكتور ئادريان زېنزنىڭ تەكىتلىشىچە، ما شىگرۇۋي ۋەزىپىگە چىققاندىن كېيىن، مەجبۇرىي ئەمگەك توختاپ قالمىغان، بەلكى تېخىمۇ يوشۇرۇن ۋە سىستېمىلىق تۈسكە كىرگەن. 2025 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەمگەك كۈچى يۆتكەش 3 مىليون 400 مىڭ قېتىمغا يەتكەن. شۇنداقلا، ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ ئىشقا سېلىشمۇ شىددەت بىلەن كۈچەيگەن. (مەسىلەن، 2024 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىنلا 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن).

ئادريان زېنز ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەش مۇھىتىنىڭ قەتئىي يوقلۇقىنى، شۇڭا شىركەتلەرنىڭ تەكشۈرۈش (ئىقتىسادىي تەپتىش)

دوكلاتلىرىنىڭ كۆچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ خەلقئارالىق كىيىم-كېچەك ماركىلىرىنى ئامېرىكانىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» (UFLPA) ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى قانۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا چېتىشلىق ھەرقانداق تەمىنلەش زەنجىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىشقا چاقىرغان.

https://wwd.com/sourcing-journal/industry-news/whistleblower-systematic-forced-labor-xinjiang-china-uyghur-1238864930/

16-ئاپرېل:

**ئابدۇلھەكىم ئىدرىس: خىتاي ئائىلەمنى تۇتقۇن قىلدى**

«ئەركىنلىك سارىيى» (Freedom House) تەشكىلاتى ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلھەكىم ئىدرىس بىلەن ئۆتكۈزگەن مەخسۇس سۆھبەتنى ئېلان قىلدى. سۆھبەتتە ئابدۇلھەكىم ئىدرىس خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىگە قاراتقان «دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش» قىلمىشلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئارقىلىق پاش قىلغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشچە، ئابدۇلھەكىم ئىدرىس يېقىندا خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىشى پاش قىلىنغان كىتابىنىڭ مالاي تىلىدىكى نەشرىنى تارقىتىش ئۈچۈن مالايسىياغا بارغاندا، خىتاينىڭ بېسىمى سەۋەبلىك مالايسىيا دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئايرودرومدا 21 سائەت تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە ئامېرىكىغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ ئىلگىرى ھىندونېزىيەدىمۇ خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئارىلىششى بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان.

ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئۇنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى گۆرۈگە ئالغانلىقىنى، 2017-يىلىدىن بۇيان 24 نەپەر ئۇرۇق-تۇغقىنىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىمۇ ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتكەندە ئاندىن بىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا، ئايالى روشەن ئابباسنىڭ ئاچىسى دوكتور گۈلشەن ئابباسنىڭمۇ دەل ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك ئۆچ ئېلىش يۈزىسىدىن يىگىرمە يىللىق كېسىۋېتىلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئابدۇلھەكىم ئىدرىس بۇ ۋەقەلەرنىڭ خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئامېرىكا پۇقرالىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا قىلىۋاتقان ئېغىر تەھدىتى ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرغان.

https://freedomhouse.org/article/detained-denied-deported-how-chinese-authorities-attempted-silence-uyghur-scholar-and

30 ـ ئاپرېل:

**مەسئۇت ئۆزىلنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەقنى سۆزلەپ تۆلىگەن بەدىلى**

گېرمانىيەلىك سابىق پۇتبول چولپىنى مەسئۇت ئۆزىل ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قوللاپ ئاشكارا مەيدانىنى ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئارسېنال كۇلۇبىدىكى كەسپىي ھاياتىغا ئېغىر زەربە يەتكەنلىكىنى، ئەمما بۇ سۆزلىرىگە قىلچە پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەنگلىيە تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆزىل 2019 ـ يىلى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى ئەيىبلەپ ئىجتىمائىي ئالاقە تورىدا بايانات ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بەزى ئىشىكلەر تاقىلىپ، كۇلۇب ئىچىدىكى پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان. گەرچە ئۇ بۇنداق سەزگۈر سىياسىي ۋە ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىلىرىگە ئارىلىشىشنىڭ ئۆزىگە كەسپىي جەھەتتە ئېغىر بەدەل ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆز شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ھەق سۆزنى قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىغان.

شۇ ۋاقىتتا ئارسېنال كۇلۇبى سىياسىي ۋە سودا مەنپەئەتى سەۋەبلىك ئۆزىلنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ھەمدە كۇلۇبنىڭ سىياسەتكە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. نەتىجىدە، ئۆزىلنىڭ مەيدانغا چىقىش قېتىم سانى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئاخىرى 2021 ـ يىلى كۇلۇبتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. «قوغدىغۇچى» قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ ۋەقە ئۆزىل بىلەن كۇلۇب مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغان.

https://www.thecanary.co/global/2026/04/30/ozil-my-stance/

ئۆ. ئالماس تەييارلىدى



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival